# ئىزدىنىش

(تاللانما)

3

1996

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما) 1996-يىل 3-سان
(ئومۇمىي 93-سان)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

**يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئۆسۈشنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ........................ جياڭ چۈنيۈن(2)**

**رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتەيلى ........................ ۋۇ باڭگو(20)**

پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشى كېرەك ........................ لى شېنمىڭ(35)

**★3-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

www.uyghurkitap.com

# يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

جياڭ چۈنيۈن

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنداق ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا: بىرىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياساش، ئىككىنچى، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساش. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، «تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش» بىلەن «يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش»نى ئوخشاش قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش--پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش ئاساسىدا چىقارغان مۇھىم تەدبىرى، شۇنداقلا يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى فاكچېن. خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي كەسىپ مۇشۇ يېتەكچى فاكچېننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى، يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشى، ئومۇمىي سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدە مۇشۇ ئۆزگەرتىشنى نېمە ئۈچۈن يولغا قويۇش كېرەك؟ بۇ ئۆزگەرتىشنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ بۇ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زور بىر مەسىلە.

بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىدە دۇچ كېلىۋاتقان تارىخىي ۋەزىپىدىن قارىغاندا، يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جىددىي تەلىپى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل ۋە 15 يىلدا ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا بولسۇن، ياكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ بىر قەدەر تېز ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا بولسۇن، يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى ھەم بىر قەدەر يۇقىرى سۈرئەتكە، ھەم بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىغا سېلىش كېرەك. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەملىكەت

بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 80 مىليارد جىڭدىن 100 مىليارد جىڭغىچە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىل بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 مىليارد جىڭدىن 18 مىليارد جىڭغىچە ئاشۇرۇشقا، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن يىللىق ئېشىش نىسبىتىنى بىر ھەسسىگە يېقىن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ مۇناسىپ ھەجىمدە ئېشىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاشلىق مەھسۇلا-تىنى ئاشۇرۇشتا ئاساسەن بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا، تۇجۇپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشقا تايىنىش كېرەك. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇشقا، ئېشىش ھەجىمىنى 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش ۋە يېزا ئىگىلىكىگە يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك، بۇ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى.

ئىككىنچى، مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش يېزا ئىگىلىكىدە مۇقىم تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك تاللاش. دۆلىتىمىز ئاھالىسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز، بايلىق مەنبەسى نىسبەتەن قىس دۆلەت. نۆۋەتتە. مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەر كىشى بېشىغا ئاران 1.2 مودىن توغرا كېلىدۇ، بۇ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا تەڭ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ مەنبەسىمۇ دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقىلىشى تەكشى ئەمەس، بەزى جايلارنىڭ سۇ مەنبەسى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئورمانىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ ئاز، پەقەت دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىغا تەڭ. بۇنىڭدىن كېيىن ئاھالە داۋاملىق ئېشىپ بارىدىغان بولغاچقا، تېرىلغۇ يەر داۋاملىق ئازىيىپ بارىدۇ. دېمەك، مەملىكىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئاز تېرىلغۇ يەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئاھالىنى بېقىشى كېرەك، ئۇ چاغدا يېزا ئىگىلىك مەنبەسى تازىمۇ كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. مۇشۇنداق دۆلەت ئەھۋالى مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشتا ئاساسلىق مەۋقەنى سىرتقا كېڭەيتىش ئۈستىگە قويماستىن، بەلكى يېزا ئىگىلىك مەنبەسىنى ھەقىقىي قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، "ئىچكى ئاملغا تايىنىپ يوشۇرۇش كۈچنى قېزىش" ۋە مەنبەنى تېجەپ باشقۇرۇش يولىغا مېڭىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئۈچىنچى، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، تۆۋەن سەرپىياتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يولغا مېڭىش قىلچە كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپىدۇر. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئې-چىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئاشتى، ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان، گۆش، سۇ مەھسۇلاتلىرى، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. دۆلىتىمىز دۇنيادىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان يەر بىلەن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالىنى بېقىۋاتىدۇ، بۇ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت-تۇر. ئەمما، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا يىرىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. بىر تەرەپتىن سېلىنما ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، سېلىنمىنىڭ ھاسىلات نىسبىتى تۆۋەن، ئىسراپچىلىق ئېغىر، تەننەرخى يۇقىرى، ئۈنۈمى ناچار بولۇش مەسىلىسى خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم گەۋدىلىك. بىرىنچىدىن، مەنبە سەرپىياتى يۇقىرى، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن. سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىشنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مەملىكىتىمىزنىڭ ھۆل-يېغىن مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 65 پىرسەنتىگە تەڭ، لېكىن تەبىئىي سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 10 پىرسەنت ئەتراپىدىلا بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى بىكارغا ئېقىپ كېتىدۇ. نۇرغۇن جايلار باستۇرۇپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان بولغاچقا، سىڭىپ كېتىش ۋە ئېقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئىنتايىن ئېغىر، مەملىكەت بويىچە سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ سۇغىرىش نىسبىتى 40 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان بەزى دۆلەتلەردە بولسا 70 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. ئەگەر تەبىئىي ھۆل-يېغىن، يەر ئۈستى سۈيى كۆپرەك چۈشەنسە، سۇغىرىش جەريانىدا چوڭ تاختىلاپ سۇغىرىش كىچىك تاختىلاپ سۇغىرىشقا، ئېرىق-ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىش تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىشقا، تاختىلاپ سۇغىرىش سىڭدۈرۈپ سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىلسە، ھازىر بار سۇ مەنبەسى بىلەن سۇغىرىش كۆلىمىنى نەچچە يۈز مىليون مو كېڭەيتىش مۇمكىن. خەۋەر قىلىنىشىچە، سۇنى ئىقتىساد قىلىپ يېزا ئىگىلىكىنى ياخشى باشقۇرىدىغان ئىسرائىلىيە ھەر بىر كۇب مېتىر سۇغىرىش سۈيى ئارقىلىق ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 2.3 كىلوگرام ئاشۇرىدىكەن، مەملىكىتىمىز ھەر بىر كۇب مېتىر سۇغىرىش سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى بىر كىلوگراملا ئاشۇرىدىكەن. بۇ بىزدە سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن زور يوشۇرۇن كۈچ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئەھۋالمۇ ئاشۇنداق. بىر تەرەپتىن تەمىنلەش يېتەرلىك ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇت ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. كۆپىنچە رايونلاردا ھەم يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئوغۇت تەييارلىمايدۇ، ھەم ئوغۇتنى قولدا چېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، شۇڭا خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 30 پىرسەنتكە-

مۇ يەتمەيدۇ. يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان بەزى دۆلەتلەرنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 60 — 70 پىرسەنتكە يېتىدۇ. ئەگەر مەملىكىتىمىزنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 10 پىرسەنت يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بولساق، يىلىغا 12 مىليون توننا خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئارتۇق ئىشلەپچىقارغان بولىمىز. تۇجۇپىلەپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، تېجەش ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ. ئەنئەنىۋى تېرىش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغاندا ھەر مو يەرگە 30 جىڭ ئەتراپىدا بۇغداي ئۇرۇقى چېچىلىدۇ. ئەگەر پېرىم تۇجۇپىلەپ تېرىلسا 15 جىڭ ئۇرۇق، ھەقىقىي تۇجۇپىلەپ تېرىلسا 10 جىڭلا ئۇرۇق كېتىدۇ. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز يىلىغا ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقىدىن 25 مىليارد جىڭ سەرپ قىلىدۇ، ئەگەر تېرىلغۇ يەرنىڭ پېرىمى تۇجۇپىلەپ تېرىلىدىغان بولسا، نەچچە مىليارد جىڭ ئاشلىقنى تېجەپ قالالايمىز. ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى تۆۋەن. خام ماتېرىيال خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلار كۆپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق قىممىتى ئاشۇرۇلىدىغان مەھسۇلاتلار ئاز؛ دەرىجىسى تۆۋەن مەھسۇلاتلار كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى، قوشۇمچە قىممىتى ئۈستۈن، ئۈنۈمى يۇقىرى مەھسۇلاتلار ئاز؛ ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ، داڭلىق، ئەلا، ئالاھىدە، يېڭى مەھسۇلاتلار ئاز، بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئىستېمال تەلىپىدىن يىراق. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىقنىڭ ئىستېمال تەلىپىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى، يەم-خەشەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئارتىپ ئۈچتىن بىر قىسمىغىچە تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئاشلىق تېرىش قۇرۇلمىسى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلمەي، يەنىلا ئىلگىرىكى ئەنئەنە بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بىرمۇنچە جايلار گۈرۈچ، بۇغداي بىلەن چوشقا بېقىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. جەنۇبتا يىلىغا چوشقا بېقىش ئۈچۈن تەخمىنەن 4 مىليارد جىڭ گۈرۈچ ئىشلىتىدۇ، بۇ، ئاشلىق ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باقمىچىلىقنىڭ تەننەرخىنىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن. مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا خىزمىتى ئىنتايىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئىنتايىن زور پەرق بار. قولغا كەلتۈرۈلۈپ بولغان تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشمۇ يېتەرلىك ئەمەس. پەن-تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە يىلىغا 6000دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى بارلىققا كېلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىن كېڭەيتىلگىنى ۋە ئىشلىتىلگىنى 30—40% نىلا تەشكىل قىلىدىكەن، كۆپ قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەر تەجرىبە خانىلاردا ياكى تەجرىبە ئېتىزلىرىدىلا قېپقېلىپ، چوڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەيدىكەن، مانا بۇ ئىنتايىن زور ئىسراپچىلىق. نۆۋەتتە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇشقا قوشقان تۆھپە نىسبىتى 35% بولسا، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ 60% تىن ئاشىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 50% كە

يەتكۈزۈلىدىغان بولسا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئەمگەك ئۇسۇلى قالاق. مەملىكەت بويىچە كۆپىنچە جايلار ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدا قول ئەمگىكى ۋە ئۇلاغ كۈچىنى ئاساس قىلىدۇ، ماشىنا بىلەن تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 55% ىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، ماشىنا بىلەن تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى پۈتۈن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا يەتمەيدۇ، ماشىنا ئارقىلىق يىغىۋېلىنىدىغان زىرائەت كۆلىمى پۈتۈن زىرائەت كۆلىمىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بۇ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بەشىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك. مەملىكەت بويىچە ھەر بىر دېھقان بەش-ئالتە مو يەرنى باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ، توخۇ، ئۆردەك، غاز، توشقان قاتارلىقلارنى باقىدۇ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ كەسپلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، كۆلەملىك ئۈنۈم شەكىللەنمىگەن. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى چۈشەن-دۈرىدۇكى، يېرىك باشقۇرۇش ئاساسىدىكى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققى-ياتىنى بوغۇپ تۇرغان ئەڭ چوڭ ئامىل. يېزا ئىگىلىكى باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاش ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈ-رۈشنى قەتئىي ئېغىشماي پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تەرەپكە يۆتكىشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولىغا يۆتكىشى، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، كۆلەملىك ئىگىلىكنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى،-يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، تۆۋەن سەرپىياتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىيات يولىغا مېڭىشى كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى مانا مۇشۇ يەردە، ئۈمىدى مانا مۇشۇ يەردە. بىز ئومۇمىيلىق ئاساسىدىكى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، مۇھىملىقىنى ۋە جىددىيلە-كىنى تولۇق تونۇشىمىز، بۇ تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش خېلى ئۇزاق بىر جەريان بولۇپ، داۋاملىق جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ھازىرقى ئاساستا پائال ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، پۇختا ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىز، جايلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە ھالقىنى ھەقىقىي تۈردە تاخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

## 1. ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنى يېڭىلاپ، تەرەققىيات توغرىسىدىكى پىكىر يولىنى ئۆزگەرتىش لازىم

يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش تارىخىي خاراكتېرلىك، ستراتېگىيە خاراكتېرلىك

ئۆزگەرتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنى يېڭىلاپ، تەرەققىيات توغرىسىدىكى پىكىر يولىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، بۇ يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىدۇر. ئۇزاقتىن بۇيان، مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكى ناتۇرال ئىگىلىك ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەندى، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسلىقى ئالماشتۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغاچقا، كۆپ چاغلاردا تەننەرخى بىلەن ھېسابلاشمايتتى، قىممىتى بىلەن كارى بولمايتتى، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيتتى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى نەچچە ئون يىل داۋامىدا يەنە يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويدۇق، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىشى، بىر تۇتاش سېتىشى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاقتىن بۇيان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا تەمىنات يېتەرلىك بولمىغاچقا، كىشىلەر تۈر، سۈپەت، ئۈنۈم ئۈستىدە ئانچە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتى. ھازىر، يېزا ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، نۇرغۇن كادىرلار ۋە ئامما ئىدىيە جەھەتتە يەنىلا ئەنئەنىۋى ناتۇرال ئىگىلىك ۋە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغىنى يوق، بۇ—يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قالاق بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىدا چوڭ ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى كۆزقاراش جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىش ياساش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قەيەردە ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولسا، شۇ يەردە يېزا ئىقتىسادى جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولدى، بۇ يەرلەردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىش ھەجمى زور بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ ياخشى بولدى، دېھقانلار تېزدىنلا بېيىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىشى تولاراق ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىشكە باغلىق بولىدۇ. بىز كەڭ كادىرلارنى ۋە ئاممىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، بازار ئىگىلىكىگە ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە ۋە بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تىپىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، جانلىق، كونكرېت ئىدىيىۋى تەربىيە ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشلارنى يېڭىلاپ، پىكىر يولىنى كەڭ ئېچىپ، ئىدىيىۋى كۆزقاراشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئەنئەنىۋى ناتۇرال ئىگىلىك ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، تاۋارلىشىش ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىكى، بازارلىشىش ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىكى نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ كونىلىقتا ئېسىلىۋالىدىغان، ھازىرقى ھالەتكە قانائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنغان ئىدىيىلەرنى تۈگىتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتلىرىنى يېڭىلاپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئەنئەنىۋى تەجرىبىلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا سەل قارايدىغان ئىدىيىلەرنى تۈگىتىپ، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي تېپىش نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەپ، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى پائال يولغا قويۇپ، ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەتبىقلاش كېرەك؛ بايلىق مەنبەلىرىنى ئىسراپ قىلىش، بۇزۇۋېتىشنىڭ كارى چاغلىق دەيدىغان ئىدىيىنى تۈگىتىپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش كۆزقارىشىنى تىكلەپ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئاسراش، تېجەش ۋە مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىش كېرەك.

## 2. يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، كەسىپلەرنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بەزى جايلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە، ئۈچ قەدەمنى ياخشى بېسىش، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ئۈچ ئىشنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. ئالدى بىلەن تېرىقچىلىقنى ياخشى تۇتۇپ، ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان قاتارلىق ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مۇشۇ ئاساستا، شۇ جاينىڭ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. تېرىقچىلىق ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساس قىلىنىدىغان يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش كېرەك. تېرىقچىلىق، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى زىچ بىرلىشىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدا كۆپ قېتىم قىممەتنى ئاشۇرۇش، پايدىنى ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن سېلىنما-ھاسىلات نىسبىتىنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان تېرىقچىلىق كۆپ خىل ئىگىلىكنى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى. بۇ ئاساسنى چوقۇم پۇختا سېلىش لازىم، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ ئاچقۇچى ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشتىن كېلىدىغان پايدىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئۈچۈن يەر بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتە كۆپرەك چارە-ئاماللارنى تېپىپ چىقىش لازىم. مەسىلەن قۇر ئارىلاپ تېرىش ۋە قۇر ئارىلىرىغا تېرىشنى كېڭەيتىپ، ئېگىز تېرىلغۇ كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق، كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بەزى زىرائەتلەرنى تېرىش ۋەھاكازا. جايلار بۇ جەھەتتە نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ياراتتى، ئۇنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم تېرىقچىلىقنىڭ داۋامى، ھەم يېزا-بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ، ئۇنى يېزا ئىقتىسادىدىكى بىر چوڭ كەسىپ قىلىپ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىنى پائال، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ نوقۇل تېرىقچىلىقتىن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ئورمانچىلىق، مېۋىچىلىك، كۆكتاتچىلىق تەڭ راۋاجلىنىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلىش تەلەپنىڭ يېتەكلىشىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەسپلەرنىڭ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىشىدىن ئىبارەت ئېكولوگىيىلىك قانۇنىيەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. بۇلتۇر مەن جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۈكتەي شەھىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتىم، بۇ شەھەرنىڭ يىلىغا بازارغا سېلىنىدىغان چوشقىسى 700 مىڭ تۇياققا، ئۆچكىسى 1 مىليون 400 مىڭ تۇياققا، ئۆي قۇشلىرى 24 مىليونغا يەتكەنىكەن، يىلىغا 300 مىڭ دادەن پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، كۆپ خىل ئىگىلىكتىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى بىر قاتلىنىپتۇ. شەھەر بويىچە دېھقانلارنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن تاپقان ساپ دارامىتى كىشى بېشىغا 1600 يۈەندىن توغرا كەپتۇ، 10 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن تاپقان ئوتتۇرىچە دارامىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ. كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ئۈنۈملۈك مەدەت بېرىپتۇ، شەھەر بويىچە كىشى بېشىغا مىڭ جىڭ ئاشلىق، يىرىم دادەن پاختا توغرا كېلىدىغان ئەھۋال ئىزچىل داۋاملىشىپ كەپتۇ، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ مەبلەغ جۇغلاپ بەرگەچكە، يېزىلاردىكى ھەممە كەسپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەپتۇ. كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقىدىن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش بىرلەشتۈرۈلگەندە، يوشۇرۇن كۈچ تېخىمۇ زورىيىدۇ. غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقى كۆپ بولمىغان جايلار ھويلا ئىگىلىكىنى، ستېرېئولۇق يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىقمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ. بىرەر جاي بىر-ئىككى ئۇستۇنلۇككە ئىگە تۇر ياكى مۇھىم سەرخىل مەھسۇلاتنى تۇتۇپ پۇختا ئىشلىسىلا، تېزدىن ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. بولۇپمۇ داڭلىق، ئەلا، ئالاھىدە، يېڭى مەھسۇلاتلارنى راۋاجلاندۇرغاندا، ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بىز كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا يېڭى چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزمۇنى قىلىپ چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

تېرىقچىلىق بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان يېزا-بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، تېرىقچىلىق بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېتەرلىك خام ئەشيا ۋە مەبلەغ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، زامانىۋى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ئۆز نۆۋىتىدە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقتا كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تۇجۇپلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئالغا سۈرىدۇ. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىشى ئىلگىرىكىدەك سانائەتتىن كىرگەن كىرىم ئارقىلىق يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش، سانائەتتىن كىرگەن كىرىم ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش يولىنى تۇتۇشتىن، يەنى نوقۇل مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىن تۈرتكىلىك كۈچ سۈپىتىدە يېزا ئىگىلىكنىڭ تاۋارلىشىش، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ تەرەپ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

## 3. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە بۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك

يېزا ئىگىلىكتىكى مەسىلىلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەن-تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى رولى ئىنتايىن زور. بىز پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، پەن-تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇشتىكى تۆھپىسىنىڭ سالمىقىنى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىككە ئائىت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلار بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئىجاد قىلىش، ئەتىبقلاش ۋە چەتتىن كىرگۈزۈش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم. بۇ—يېزا ئىگىلىكنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشتىكى توپ خاراكتېرلىك ستراتېگىيىلىك تەدبىر.

بىرىنچىدىن، ئۇرۇقچىلىق ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇرۇقچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئېسىل ئۇرۇق ئىلغار تېخنىكىنىڭ توشۇغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ھەر قېتىملىق ئۇرۇقچىلىق ئىنقىلابى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىنىڭ زور ھەجىمدە ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغان. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە زىرائەتلەرنىڭ يېڭى سورتى ۋە يېڭى بىرىكمىسىدىن بەش مىڭدىن كۆپرەكى يېتىشتۈرۈلدى، ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ سورتى مەملىكەت مىقياسىدا 4-5 قېتىم يېڭىلاندى، ھەر قېتىمقى يېڭىلىنىشتە مەھسۇلات مىقدارى ئومۇمەن %10دىن %30كىچە ئاشۇرۇلدى. شالغۇت شالىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بىلەن

ئاشۇرۇلغان مەھسۇلات مىقدارى جەمئى 200 مىليارد جىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى ياخشىلاشتا خۇشاللىنارلىق مەنزىرە نامايان بولماقتا. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى لەيجولۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرگۈچى دېھقان مۇتەخەسسىس لى دېڭخەي يېتىشتۈرۈپ چىققان كۆممىقوناقنىڭ بىر قاتار يېڭى سورتلىرىنى مىسالغا ئالساق، بۇنداق سورتنىڭ ھەر بىر مو يەرگە 5000—6000 تۈپ تېرىغىلى بولىدۇ، تەجرىبە ئېتىزلىرىدا مو بېشى مەھسۇلاتى 2000 جىڭدىن ئاشىدۇ، كەڭ كۆلەمدە تېرىغاندا مو بېشى مەھسۇلاتى 1500 جىڭغا يېتىدۇ، سۇ، ئوغۇت مىقدارى ئوخشاش بولغان شارائىتتا، باشقا سورتلارغا قارىغاندا مەھسۇلات مىقدارىنى 300 جىڭدىن كۆپرەك ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇرۇقچىلىق ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئېسىل سورتلارنى تەتقىق قىلىش، تاللاپ يېتىشتۈرۈش، چەتتىن كىرگۈزۈش، كۆپەيتىش، تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، قاچىلاش، سېتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۇرۇقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چوڭ بىر كەسىپ قىلىپ شەكىللەندۈرۈش لازىم. ھازىر، يېزا ئىگىلىك، پەن-تېخنىكا، سودا-تاشقى سودا، خىمىيە سانائىتى تارماقلىرى ئېسىل ئۇرۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپلەشتۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، قاچىلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سېتىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلماقتا.

ئىككىنچىدىن، ھازىرقى يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش-تەتبىقلاش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىلغار، يارامىلىق تېخنىكىلارنى ھەممە ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مەيلى تېرىقچىلىقتا بولسۇن ياكى باقمىچىلىق، ئورمانچىلىقتا بولسۇن، ھازىرقى پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىلغار تېخنىكىلار زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلىدىغانلا بولسا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بىنەم يەردە شال مايسىسىنى ئۆستۈرۈش-شالاڭ تىكىش تېخنىكىسىنى مىسالغا ئالساق، بۇ تېخنىكىنى قوللانغاندا ئۇرۇق، يەر، سۇ، ئوغۇت، ئەمگەك ئاز كېتىپلا قالماستىن، مايسا يىلتىزىنىڭ زەخىملىنىشى يېنىك، قايتا كۆكىرىشى تېز، پەسترەك شاخلىنىدىغان بولغاچقا تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، ھەربىر مو يەردىن ئادەتتە 100 جىڭچە مەھسۇلات كۆپ ئېلىنىدۇ، ھازىر بۇ تېخنىكا 70 مىليون مو يەردە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلدى، ئەگەر بۇ تېخنىكا 200 مىليون مو يەردە قوللىنىلىدىغان بولسا، شال مەھسۇلاتىنى 20 مىليارد جىڭ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ شال ئىشلەپچىقىرىشىدىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب بولۇپ قالىدۇ. يەرگە يوپۇق يېپىش تېخنىكىسىمۇ كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە. ئېگىز سوغۇق تاغلىق رايونلاردا ئىلگىرى كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 200—300 جىڭغا يېتەتتى. يەرگە يوپۇق يېپىش تېخنىكىسى قوللىنىلغاندا، ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇش، ياز پەسلىدە قۇرغاق بولۇش، كۈز پەسلىدە قىراۋ بالدۇر چۈشۈپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولغاچقا، مو بېشى مەھسۇلاتىنى ئادەتتە 500—600 جىڭغا

يەتكۈزگىلى بولىدۇ، كۆپ بولغاندا مىڭ جىڭغىمۇ يەتكۈزگىلى بولىدۇ. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدە سىناق تەرىقىسىدە قوش قىرلاپ كۆممىقوناق تېرىش ۋە يەرگە يوپۇق يېپىش يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات مىقدارى بىر قاتلىنىپ، بىر مو يەردىن ئىككى مولۇق ھوسۇل ئېلىندى. خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىش تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، يەر شارائىتىغا قاراپ ئوغۇت بەرگەندە، ئوغۇتنى تېيىز بېرىشنى چوڭقۇر بېرىشكە ئۆزگەرتىپ، ئازوتنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىنى توسۇۋالغاندا، ھەم مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرغىلى، ھەم تەننەرخنى تۆۋەنلەتكىلى، بىر ئىشتىن ئىككى خىل ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈردىكى، بىرقانچە ھالقىلىق ئەمەلىي تېخنىكىنى تۇتۇپ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرغاندا، دېھقانچىلىق مەھسۇلات مىقدارىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. جايلار يېزا ئىگىلىك يەن-تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ھەر يىلى مەھسۇلات ئاشۇرۇشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان بىر تۈركۈم ئەمەلىي تېخنىكىنى تاللاپ، زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دېھقانلارنى بولۇپمۇ ياش دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا ھەر يىلى بىر مىليون ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا-مەكتەپنى، ئالتە مىليون ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن زور تۈركۈم كىشىلەرمۇ يېزىلارغا قايتىدۇ. ئۇلار مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ، يېزىلاردا يەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش-تەتبىقلاشتىكى تايانچ كۈچتۇر. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ قۇرۇلۇشى سىستېمىلىرىدىكى ھازىر بار بولغان 500 تېخنىكومنى بازا قىلىپ، پىلانلىق ھالدا يېزىلاردىكى زىيالىي ياشلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىپ، دېھقانلارغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان تېخنىكىلارنى ئۆگىتىش، تۈرلۈك جەددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئەمەلىي تېخنىكىلارنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش كېرەك.

## 4. بايلىقنى ئېچىش بىلەن بايلىقنى تېجەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىشنە چىڭ تۇرۇپ، بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

بايلىقىمىز نىسبەتەن كەمچىل بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە، بايلىقتىن پايدىلىنىش بىلەن بايلىقنى تېجەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر بار بولغان يېزا ئىگىلىك بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ھەقىقىي ئاسراش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زاپاس بايلىقىنى ئىلمىي ئاساستا ئېچىش ۋە ئۇنى كۆپەيتىشكە ئېتىبار بېرىش، يېزىلارنىڭ ئەمگەك كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، تۈرلۈك بايلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

تېرىلغۇ يەر بايلىقى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچنى داۋاملىق قېزىش، بىرلىك يەر مەيدانى مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ھازىر، ئوخشاش تۈردىكى رايونلاردا، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى جەھەتتىكى پەرق ناھايىتى زور. بەزى يەرلەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى مىڭ جىڭغا ھەتتا بىر تونناغا يېتىدۇ، بەزى يەرلەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى بولسا 500—600 جىڭغا ھەتتا 300—400 جىڭغىلا يېتىدۇ. يوشۇرۇن كۈچ دەل مۇشۇ پەرقلەردە. تېرىلغۇ يەر بايلىقى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزدىن 900 مىليون مو يەر بار، بۇ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئوخشاش بولغان تەبىئىي شارائىت ۋە ھاۋا شارائىتىدا ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزنىڭكىدىن 300—400 جىڭ ئاز. تۇپراقنى ياخشىلاش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ئوغۇتنى كۆپ بېرىش، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ھەر بىر مو يەرنىڭ مەھسۇلاتىنى 200 جىڭ كۆپەيتىش تامامەن مۇمكىن. ئەگەر 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزدىن 200 مىليون مو ئۆزگەرتىلسە، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 40 مىليارد جىڭ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېكىز تېرىلغۇ كۆرسەتكۈچىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېكىز تېرىلغۇ كۆرسەتكۈچى 156% بولماقتا، كۆرسەتكۈچى ئەڭ يۇقىرى ئۆلكىلەرنىڭ 246% كە يېتىدۇ، ئەگەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېكىز تېرىلغۇ كۆرسەتكۈچى 5 پىرسەنت ئۆستۈرۈلىدىغان بولسا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 75 مىليون مو كۆپەيگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ئاز دېگەندىمۇ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 20 مىليارد جىڭ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

پۈتكۈل دۆلەت زېمىنى بايلىقىدىن پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان قاقاس تاغ-دۆڭلەردىن ئىككى مىليارد مو، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان قۇملۇق بوز يەردىن بىر مىليارد مو، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقتىن 4 مىليارد 700 مىليون مو ۋە يەنە ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆل-دەريالىرىدىن 260 مىليون مو، تېيىز دېڭىز رايونىدىن 180 مىليون مو بار. بۇ بايلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن تېخى پايدىلانمىدۇق، پايدىلانغانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا يىرىك باشقۇرۇش ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇ بايلىقلاردىن پىلانلىق پايدىلانساق، يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوتلاقنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىلگىرى شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ئوتلاقلاردا، 12 مودىن 15 موغىچە بولغان يەردە بىردىن قوي بېقىلاتتى. سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش، ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلارنى ياخشىلاش، قاشالىق ئوتلاقلاردا چارۋا بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، 6 مو يەردە بىردىن قوي بېقىلىدىغان بولدى، دېمەك، چارۋا بېقىش نىسبىتى بىر ھەسسە ئاشتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش،

بولۇپمۇ سامان، شاخ-شۇمبىدىن پايدىلىنىپ كالا بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ھېسابلىنىشىچە، تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سامان، شاخ-شۇمبىلاردىن تولۇق پايدىلىنىلغاندا، 30 مىليون كالىنى ئارتۇق باققىلى، بۇنىڭ بىلەن كالا گۆشىنى كۆپلەپ ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماي، يەم-خەشەكنى كۆپلەپ تېجەپ قالغىلى، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپلەپ ئاشۇرغىلىمۇ بولىدىكەن. سۇ يۈزىدىن پايدىلىنىشنىڭمۇ كەڭ ئىستىقبالى بار. ھازىر، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقى بويىچە باقمىچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان سۇ يۈزىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن تېخى پايدىلانمىدۇق، باقمىچىلىققا باب كېلىدىغان دېڭىز چۆكمە سازلىقىدىن پايدىلىنىلمىغانلىرى 60 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 15 مېتىردىن ئاشمايدىغان تېيىز دېڭىزدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئىككى پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. بەزى جايلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، دېڭىزدا ستېرېئولۇق باقمىچىلىقنى يولغا قويغاندا، بىر مو سۇ يۈزىدىن 10 مىڭ يۈەن، نەچچە 10 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، مۇقىم ھوسۇل ئېلىش، كىرىم ۋە ئۈنۈمنى كۆپەيتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۇل سېلىش قۇرۇلۇشىدۇر. ھازىر مەملىكىتىمىزدە سۇغىرىشقا بولىدىغان ئېتىزلار تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، قالغان ئېتىزلارنى ئاساسەن تەبىئىي ھۆل-يېغىنغا تايىنىپ تېرىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ، يېزا ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بىز ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىشىمىز، ئورمان بىنا قىلىش، ئوت-چۆپ تېرىش، يانتۇ ئېتىزلارنى پەلەمپەي ئېتىز قىلىپ ئۆزگەرتىش، كىچىك توغان سېلىش، كىچىك سۇ ئامبىرى ياساش، كۆل چېپىش، كۆلچەك كولاش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق مۇمكىنقەدەر يامغۇر سۈيىنى يىغىپ ساقلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلىشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب رايونلىرىدىكى بەزى جايلاردا، تاغ يانباغرىدىكى ئېتىزنى پەلەمپەي ئېتىز قىلىپ ئۆزگەرتىش، يۇمشىتىلغان تۇپا قاتلىمىنى قېلىنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، تۇپراق، سۇ ۋە ئوغۇت ئېقىپ كەتمەيدىغان بولدى، بىر يىللىق يامغۇر مىقدارى 300—400 مىللىمېتىر بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك يەرگە سىڭىپ كىرىدىغان بولدى، نەتىجىدە ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى تاغ يانباغرىدىكى ئېتىزلارغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئەتراپىدا ئاشتى. مەملىكىتىمىزدە تاغ يانباغرىدىكى ئېتىزلار تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنداق جايلاردا ئاممىنى قوزغاپ كۆپرەك پەلەمپەي ئېتىز ياساش، تاغ جىلغىسى، دەريا-ئۆستەڭلەردە شارائىتقا يارىشا بەزىبىر سۇ توسۇش قۇرۇلۇشلىرىنى قۇرساق، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇغىرىش ئىشىغا ھەر يىلى تەخمىنەن 400 مىليارد كۇب مېتىر سۇ كېتىدۇ، تۈرلۈك سۇ تېجەش تەدبىرلىرى ئارقىلىق پايدىلىنىش نىسبىتى 10 پىرسەنت ئۆستۈرۈلسە، 40 مىليارد كۇب مېتىر سۇنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، بۇ 500 مىليون

كۆپ مېتىر سۇ سىڭدۈرگەن چوڭ تېپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 80نى ياسىغانغا باراۋەر.

يېزىلارنىڭ ئەمگەك كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشتىن تېخىمۇ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا 460 مىليون ئەمگەك كۈچى بار، ئەگەر ھەر بىر يېزا ئەمگەك كۈچى يىلىغا ئەمگەك جۇغلانمىسى ئۈچۈن 20 كۈن ئىشلىسە، مەملىكەت بويىچە 9 مىليارد ئىش كۈنى بولىدۇ، بىر ئىش كۈنى 5 يۈەنگە سۇندۇرۇپ ھېسابلانسا، 45 مىليارد يۈەن دېگەن سۆز، بۇ ئىنتايىن چوڭ بىر سان ھېسابلىنىدۇ. ھازىر يېزىلاردا زور مىقداردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچى ۋە ئوشۇق ئەمگەك ۋاقتى بار. ئاتالمىش: بىر يىل ئىچىدە، 6 ئاي يەر تېرىيمىز، 3 ئاي چاغان ئوينايمىز، يەنە 3 ئاينى دەم ئېلىپ بىكار ئۆتكۈزىمىز، دېيىشىدۇ. مۇشۇ ئوشۇق ئەمگەك كۈچى ۋە ئوشۇق ئەمگەك ۋاقتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەڭلىكىگە ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈرۈش قىلساق، زور ماددىي بايلىق يارىتالايمىز.

## 5. يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مەملىكىتىمىز يېزىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى قىلغان كىچىك كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش يولىغا سېلىپ، بايلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سەرخىل بىرىكىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش — يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر.

يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەمدە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇشى كېرەك. ئاز ساندىكى شارائىتى بار جايلار، دېھقانلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بويىچە، مۇۋاپىق كۆلەمدە يەر باشقۇرۇشنى يولغا قويسا بولىدۇ، بىراق ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلات، كەسپكە ئاساسەن سودا، سانائەت، دېھقانچىلىقنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى. ئۇ شەكىللەندۈرگەن كۆلەم ۋە ئۈنۈم كۆپ ھاللاردا نوقۇل ھالدا كۆلەملىك يەر باشقۇرۇشنىڭ كۆلىمى ۋە ئۈنۈمىدىن چوڭ بولىدۇ، تەرەققىياتىمۇ تېز بولىدۇ، بۇ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىدە، يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش كارخانىسى باشلامچى قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا، يەنە بىر ئۇچى مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە تۇتىشىدۇ، شۇڭا بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، سېتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، رايون خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كەسپلەشكەن

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشكەن باشقۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت، كارخانىلاشقان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىدە، باشلامچى كارخانا ئارقىلىق كىچىك كۆلەمدىكى تارقاق ئائىلە ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەم مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇليەت تۈزۈمىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ھەم چوڭ كۆلەملىك كەسپ تۈپى، كەسپ زەنجىرى شەكىللىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلىنىشى ۋە كۆپ قېتىم قىممەت ئاشۇرۇش جەھەتتىكى بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكى پەقەت تۆۋەن قاتلاملىق خام ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئۆزگەرتىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىدىغان يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە كەسپلەرنىڭ تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يول، شۇڭا ئۇ كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قەيەر مۇشۇنداق يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە كەسپلەرنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى بالدۇر تونۇپ يەتسە، چاققان تۇتسا، شۇ يەرنىڭ يېزا ئىقتىسادى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ۋە مالىيە كىرىمى زور ھەجىمدە ئاشتى. بۇنى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلارمۇ پەيدىنپەي يولغا قويسا بولىدۇ.

## 6. يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق بولغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك

يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش كېرەك. بۇ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە كاپالىتى.

بىرىنچىدىن، يېزىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇليەت تۈزۈمى، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش

تۈزۈلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇنغا ئاساسەن ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرگە سالىدىغان سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە ئىلھام بېرىپ، يەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنى بىر تۇتاش مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، كۆپ خىل شەكىلدىكى يېزا پاي تۈزۈمى ۋە پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمى بەزى جايلاردا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، بۇ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساسىدا، يېزىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى بىر ئىجادىيىتى. يېزا پاي تۈزۈمى ۋە پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدە ھەم ھەرقايسى مۇلۇك گەۋدىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىغا بولغان قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ھەم تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سەرخىل بىرىكىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېزلىكتە شەكىللەندۈرۈلدى. بەزى جايلار پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمى ئارقىلىق كۆكتات ئۆستۈرۈش لاپاسلىرىنى سالدى، باغۋەنچىلىك-ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قۇردى، پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ، ماددىي بۇيۇمى بارلار ماددىي بۇيۇم، يېرى بارلار يەر چىقىرىپ، ھەرقايسى تەرەپ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆلەملىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ھەمكارلىق تۈزۈمى يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، شۇڭلاشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈش، توغرا يېتەكلەش، تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش فاكچېنىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، يېزا بازار سىستېمىسىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئادىل رىقابەتلىشىشكە، ياخشىلىرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشىغا، ناچارلىرىنىڭ شاللاپ چىقىرىۋېتىلىشىگە ۋە بايلىقنى سەرخىللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان يېزا ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، تەرتىپلىك رىقابەت بولغان يېزا بازار سىستېمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر بولغان ئالدىنقى شەرتى. پەقەت بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يېزا بازار سىستېمىسى شەكىللەنگەندىلا، ئاندىن بازار مېخانىزمى-نىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى يېتەكلەش ۋە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭشەشتىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ رايونلار ئارا ۋە كەسىپلەر ئارا مۇۋاپىق ئالمىشىپ تۇرۇشىنى ۋە بايلىقنى سەرخىللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى مەبلەغ، يەر، ئەمگەك كۈچى، ئۇچۇر، تېخنىكا

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنىمۇ پائال يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزا پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى، مەبلەغ تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىت هازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بايلىقنى تاۋارلاشتۇرۇش قەدىمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىقنى تېجەشكە پايدىلىق بولغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرلىك باشقۇرۇلۇشى، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن قالاق بايلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. كونا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى ئەڭ چوڭ نۇقسان بايلىق قىممىتىنى مۆلچەرلەش ئۆلچىمى ۋە بايلىقنى ئاسراش تۈزۈمىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدا. نۇرغۇنلىغان تەبىئىي بايلىقلار ئاساسەن ھەقسىز ئىشلىتىلدى. سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. ئۇزاقتىن بۇيان بىز سۇنى چەكسىز تەمىنلىنىدىغان، ھەقسىز ئىشلىتىلىدىغان بايلىق دەپ قاراپ، ”چوڭ قازاننىڭ سۈيى“نى ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قېلىپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ”چوڭ قازاننىڭ ئېشى“نى يەۋەرسەك بولمىغاندەك ”چوڭ قازاننىڭ سۈيى“نى ئىچىۋەرسەكمۇ بولمايدۇ. شەھەر ۋە يېزىلاردا، سۇنى ئىمگە ئىشلەتكەنگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى بەلگىلەش، مىقدارغا قاراپ ھەق ئېلىش، سۇنى تېجەپ ئىشلەتكەنلەرگە باھادا ئېتىبار بېرىش، ئاشۇرۇپ ئىشلەتكەنلەرگە باھا قوشۇش لازىم. باشقا بايلىقلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنىمۇ ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ بايلىقنى قەدىرلەش، بايلىقنى تېجەش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ مۇۋاپىقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كەسىپ سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش، يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشى لازىم. يېزا ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى، ئۆز ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان ئاساسىي كەسىپ، شۇنداقلا تەبىئىي خەۋپ-خەتىرى كۆپ، بازار خەۋپ-خەتىرى چوڭ بولغان ئاجىز كەسىپ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۇنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پىلان تۈزگەندە ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىياسەتنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئاۋۋال يېزا ئىگىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىدىغان سىستېمىلارغا سالىدىغان سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، مالىيە، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئىناۋەتلىك

قەرز پۇل مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىش سالمىقىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۆپ تەرەپلەردىن يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىيات جەريانىدا يۈكسىلىش ئۇسۇلىدا پەيدىنپەي ئۆزگىرىش ياساش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

**رىسالەت ئابلا**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان**

**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

www.uyghurkitap.com

# رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشنى تېزلىتەيلى*

ۋۇ باڭگو

## 1. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا كارخانا ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلىش لازىم، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. 1995-يىلى، جايلارنىڭ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشى ئارقىسىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

— **ئىسلاھات توغرىسىدىكى پىكىر يەنىمۇ بىرلىككە كېلىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق تونۇش شەكىللەندى.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكى ۋە مۈشكۈللۈكىگە بولغان تونۇش پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ باردى. 1995-يىلى، باش شۇجى جياڭ زېمىن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈستىدە كۆپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە شاڭخەي، چاڭچۇندا مۇھىم سۆز قىلىپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ ئۆتتى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپ»ىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا يەنە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى كۆپ قېتىم يىغىن چاقىرىپ، جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. جايلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، قانداق قىلىپ دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي پىكىر ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن، يەنى 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ، 5-ئومۇمىي يىغىننىڭ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن. مەسىلەن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى "مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولۇش، ھوقۇق

---

* بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 1995-يىل 10-ئايدا مەملىكەتلىك كارخانا ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىلىرى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى رەتلەش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان.

بىلەن مەسئۇلىيەت روشەن بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن بولۇش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش» دېگەن تۆت جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلانغان. بۇ تۆت جۈملە سۆزنى قانداق قىلغاندا ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ ھازىر كۆپچىلىكنىڭ چۈشەنچىسى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى: مۇنداق دەپ قاراشقا يەنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئاساسەن مۈلۈك ھوقۇقى ئىسلاھاتى بولىدۇ، شىركەتلەشتۈرۈش دېگەنلىك پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دېگەنلىكتۇر، پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دېگەنلىك پاي چېكىنى بازارغا سېلىش دېگەنلىكتۇر، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە چەت ئەللەردىمۇ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىلا پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەت بولۇپ كېتىدىغان ئىش يوق، پاي چېكى بازارغا سېلىنغانلىرى 1—2% نىلا تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «چوڭلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇش»، «ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغان ئاز سانلىق»نى تۇتۇش دېگەنلىك كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەسپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كارخانىلارنى، كەسپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن، خېلى زور ئىقتىسادىي كۆلەمگە ئىگە بولۇپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلارنى تۇتۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمى شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تايانچلىق رولىنى ئوينايدىغىنى دۆلەت ھالقىغان ئاشۇ نەچچە يۈز شىركەتتىنلا ئىبارەت، ياپونىيىدە ئۇنداق شىركەتتىن كۆپ بولسا ئون نەچچىسى بار، كورىيىدە نەچچىسىلا بار. «ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغان ئاز سانلىق»نى چىڭ تۇتقاندا، بۇ «سەركە»لەرنى ئوبدان تۇتقاندا، زور بىر تۈركۈم كارخانىلارنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قوشۇۋېلىش، ۋەيران بولۇش مەسىلىسىدە، تونۇش جەھەتتىمۇ، ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ زور يۈكسىلىش بولدى، كارخانىلارنىڭ قوشۇۋېلىنىشى، ۋەيران بولۇشى ئىقتىسادىي جەرياندا تەبىئىي ھالدا پەيدا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ كارخانا تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ئىكەنلىكى، مۇقىملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى ئىكەنلىكى، ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ناچارلىرىنى رەتتىن چىقىرىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ئىكەنلىكى تونۇپ يېتىلدى. يەنە مەسىلەن، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا مەۋقەنى قەيەرگە قويۇش لازىم؟ مەۋقەنى دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئۈستىگە قويۇشقا، دۆلەتنىڭ ھۆددىگە ئېلىشىغا تايىنىشقا بولمايدۇ، دۆلەت ئەمدى كارخانىلارغا نىسبەتەن چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا كارخانىلار دۆلەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا مەۋقەنى ئۆز ئۈستىگە قويۇشى، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، پىكىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نەزىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ئىچكى قىسىمدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم. ھازىر، كارخانا ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئاساسىي پىكىر ئايدىڭلاشتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسىلە بىزنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز رايونىمىزنىڭ، ئۆز كارخانىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلىشىمىزگە باغلىق.

**— دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى بويىچە نۇقتىلاردا سىناق قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈز-**

**لۇك قانات يايدۇرۇلدى.** دۆلەت كارخانىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ناھايىتى زور، ئۇلارنىڭ قەرزى كۆپ، ئادىمى كۆپ، ھېسابتا بار مۈلكىنى يۈرۈشتۈرۈش قىيىن. ئومۇمىيلىقتا چېتىلىدىغان بۇ قىيىن مەسىلە ۋە نۇقتىلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەس بولىدۇ. مەركەز بىلەن ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش بويىچە بېكىتكەن 2000 دىن ئارتۇق سىناق نۇقتىسىنىڭ سىناق خىزمىتىدە، بىر يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاز بولمىغان تەجرىبىلەر قولغا كەلدى، قىيىن مەسىلە ۋە نۇقتىلىق مەسىلىلەردە بۆسۈش ھاسىل بولدى. بۇ تەجرىبىلەر نەزەرىيە جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىش بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ تەجرىبىلەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغىلى بولىدۇ.

جايلار ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مال-مۈلۈكنىڭ پاسسىپلىق نىسبىتى مەسىلىسىنى مىسالغا ئالساق، كارخانىلارنىڭ قەرزىنى ئازايتىش ئۈچۈن، شاڭخەيدە "ئالتە جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش" ئۇسۇلى، يەنى سۇبيېكتنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر قىسىم قەرزنى ھەزىم قىلىش، ھېسابتىكى مال-مۈلۈكنى يۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىر قىسىم قەرزنى تۆلەش، ھەقدارلىق ھوقۇقىنى پايغا سۇندۇرۇش ئارقىلىق بىر قىسىم قەرزنى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىش، ۋەيران بولغان كارخانىنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق بىر قىسىم قەرزنى بوغۇش، كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق بىر قىسىم قەرزنى ئازايتىش، ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشى ئارقىلىق بىر قىسىم قەرزنى تولدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئۈچ يىلدا دەسمايە سومىسىنىڭ ساپ كۆپىيىش مىقدارىنى 40 مىليارد يۈەنگە، قەرزنىڭ ساپ كېمىيىش مىقدارىنى 8 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، پاسسىپلىق نىسبىتىنى 60 پىرسەنتكە چۈشۈرۈش پىلانلاندى. تاڭشەن شولتا زاۋۇتى مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ "پۇل ئاجرىتىش ئورنىغا پۇل قەرز بېرىش"نى يولغا قويۇش مەبلىغىنى دۆلەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇپ، پاي چېكى دۆلەت تەرەققىياتقا مەبلەغ سېلىش شىركىتى، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش شىركىتى، ئۆلكىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەبلەغ سېلىش شىركىتى ۋە تاڭشەن شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەبلەغ سېلىش شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت پايچىكىنىڭ ئىلكىدە بولىدىغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشكە پايدىلىق بولغان ئىچكى چەكلەش مېخانىزمى شەكىللىنىپ، مال-مۈلۈكنىڭ پاسسىپلىق نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن 60 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق شىركەت تۈزۈمى ئۈستىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان بەزى رايونلاردىمۇ مال-مۈلۈكنىڭ پاسسىپلىق نىسبىتى تۆۋەنلىدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشنى مىسالغا ئالساق، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە "ئۈچنى قويۇۋېتىش، ئىككىنى قويۇۋەتمەسلىك" پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. "ئۈچنى قويۇۋېتىش" دېگەنلىك بىرىنچىدىن ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشنى قويۇۋېتىش، ئىككىنچىدىن مېخانىزمنى ئۆزگەر-

تىش شەكلىنى قويۇۋېتىش؛ ئۈچىنچىدىن كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە بېرىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ”ئىككىنى قويۇۋەتمەسلىك“ دېگەنلىك بىرىنچىدىن دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى قويۇۋەتمەسلىك، ئۇنىڭ نېرى-بېرى بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش؛ ئىككىنچىدىن قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىش ۋە بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇش ئۈستىدىكى باشقۇرۇشنى قويۇۋەتمەسلىك دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئۆلكە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىدىن 25 مىڭى قويۇۋېتىلىپ جانلاندۇرۇلدى، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى جۇچېڭ ناھىيىسىدە ئىلگىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 103 كىچىك كارخانا زىيان تارتىپ كەلگەنىدى، ھازىر ئۇنىڭ 97 سى زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى.

يەنە ھەممىدىن بەك قىيىن بولغان ”ئايرىۋېتىش، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش“ مەسىلىسىنى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭدىمۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. تەييۈەن پولات-تۆمۈر شىركىتى 30-يىللاردا قۇرۇلغان كونا كارخانا بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سوت مەھكىمىسىدىن باشقا ھەممە ئاپپاراتلار بار، جۈملىدىن 30 مەكتەپ، 7 دوختۇرخانا، 12 باللار باغچىسى بار، بۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، ئۆي-زېمىننى باشقۇرۇش ئورگىنى قاتارلىق ئاپپاراتلار قوشۇلسا، ئومۇمىي ئادەم سانى 7500 بولۇپ، ئاساسىي كەسىپتىكى خادىملارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشى، ئورتاق مەبلەغ چىقىرىشى ئارقىلىق، بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكۈنچى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئاپتوموبىل يۈك توشۇش شىركىتى، ئېلېكترونلۇق ئالاقە شىركىتى قاتارلىق 19 ئورۇندىن جەمئىي 17 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئايرىۋېتىلدى. ھازىر تەييۈەن شەھىرى بويىچە كارخانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانىدىن سەككىزى تىجارەت ۋۇسىكا ئېسىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ دوختۇرلۇق قىلىدىغان بولدى، كارخانا باشقۇرۇۋاتقان مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلار ئورۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى بۇ يىل ئىچىدە ئايرىۋېتىلىدۇ. چۇڭچىڭ شەھىرى مالىيە بىر قەدەر قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ چۇڭچىڭ پولات-تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئايرىۋېتىش، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىناقىنى قوللىدى، ھازىر بۇ جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

— **كارخانىلارنىڭ قوشۇۋېلىش، ۋەيران بولۇش ئىشلىرىدا بۆسۈش بولدى.** دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى بويىچە نۇقتىلاردا سىناق قىلىش ئىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن، گوۋۇيۈەن ”پۇل ئاجرىتىش ئورنىغا پۇل قەرز بېرىش“، ”قوشۇۋېلىش، ۋەيران بولۇش“ قاتارلىق جەھەتلەردە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە بۇ سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، تەدرىجىي ھالدا تەجرىبە ھاسىل قىلماقتا، مەسىلەن، خاربىن شەھىرى قۇرۇلمىنى تەڭشەش، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى كۆپەيتىش ۋە بازارنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىنى يىقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، رايونلارنىڭ، كەسىپلەرنىڭ ۋە مۈلۈكچىلىكنىڭ چەك-چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كارخانا قوشۇۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئۈنۈمىنى كۆردى. 1995-يىل 10-ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر، شەھەر بويىچە 188 كارخانىنىڭ 231 كارخانىنى قوشۇۋېلىشى بىلەن، 300 مىليون يۈەنلىك

مال-مۈلۈك، 2 مىليون 780 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدىغان يەر مەيدانى، 680 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدىغان زاۋۇت بىناسى خىللاش ئاساسىدا قايتىدىن بىرىكتۈرۈلدى، 30 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بېيجىڭ شەھىرى "قەدىمىي قەدەم ۋەيران بولۇش"، ئاۋۋال ئېرىق كولاپ قويۇپ، ئاندىن سۇ باشلاش چارىسىنى قوللىنىپ، "بىراقلا ۋەيران بولۇش" ياكى "مەجبۇرىي ۋەيران بولۇش"تا خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مال-مۈلۈكنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇش، كارخانىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەل قىلدى. جايلار ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، بىرمۇنچە يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، قوشۇۋېلىش، ۋەيران بولۇش خىزمىتىنى قائىدىگە سېلىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئەسلىدە "قەرزدىن تېنىۋېلىش" مەسىلىسى ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغان مەسىلە ئىدى، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت مۈلكىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل باشقۇرىدىغان، كارخانا، بانكا قاتارلىق تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلا بولسا، قوشۇۋېلىش، ۋەيران بولۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى جەزمەن ئوبدان تەشكىللىگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدىكى، جايلار دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش ئىشىغا ئەستايىدىللىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقان، قىيىن مەسىلە، نۇقتىلىق مەسىلىلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، بەزى تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، ئىنتايىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن، يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولغان، بىراق ئۇنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشالمايۋاتقانلىقىدەك زىددىيەت دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرماقتا، بىرمۇنچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى يېتەرلىك ئەمەس، خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدىن زىيان تارتىۋاتقانلىرىنىڭ نىسبىتى يەنىلا 40 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولماقتا. بىز دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۈشكۈللۈكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، كارخانا ئىسلاھاتىنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملاپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. بىز چەكلىك نىشان بەلگىلەپ، ئىسلاھاتنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە، تەرتىپلىك ھالدا ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. دۆلەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى، جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى، كارخانىلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ، 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش بەلگىلەنگەن. بۇ نىشاننىڭ مۇنداق ئىككى مەنىسى بار: بىرىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى بولماستىن. بەلكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار كۆزدە تۇتۇلغان؛ ئىككىنچى، چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھەممىسى بولماستىن، بەلكى تايانچ كارخانىلار كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ نىشاننى بەلگىلەشتە ھەر جەھەتتىكى ئامىللار نەزەرگە ئېلىنغان.

ئىسلاھات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1995-يىلى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى
ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ياخشى بولدى. ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە، مەھسۇلاتنىڭ
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ماددىي سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىپادىلىنى-
شى لازىم، 1995-يىلى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ھالدا ئېشىپ ماڭدى، 1-ئايدىن
8-ئايغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاي چېكىنى كونترول قىلىش كارخانىلى-
رىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1994-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %10.9 ئاشتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 96.54 پىرسەنتكە يەتكەن بولۇپ، 1994-يىلغا
قارىغاندا 1.13 پىرسەنت ئاشتى، بۇ كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەركىپلەرنىڭكىدىن يۇقىرى
بولدى. ئەمما مۇنداق بىر مەسىلىمۇ باركى، مەھسۇلات كۆپەيگەن بىلەن تاپاۋەت كۆپەيمىگەن. دەرۋەقە،
كارخانا ئۈنۈمىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ياخشى، زىيان ئايمۇئاي تۆۋەنلەپ، پايدا ئايمۇئاي ئۆرلەپ بارماقتا.
كارخانا پايدىسىنىڭ تۆۋەنلىشىدە، دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، مۇنداق تۆت
تۈرلۈك سەۋەب بار: بىرىنچى، ئۆز ئىلكىدىكى كۆچمە مەبلەغ بەكمۇ ئاز بولغاچقا، 1995-يىلى بانكىغا
تۆلەنگەن ئۆسۈم چىقىمى 1994-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %35 ئاشقان، دېمەك كارخانا تاپقان پايدىنىڭ
بىر قىسمى باشقا يول بىلەن ئېقىپ كەتكەن. ئىككىنچى، مائاش چىقىمى ئۆرلەپ كەتتى، قالايمىقان مۇكاپات
پۇلى تارقىتىلدى، كارخانىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش مېخانىزمىنىڭ بولمىغانلىقى ئەكس ئەتكەن. ئۈچىنچى،
ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا-ماتېرىياللارنىڭ باھاسى ئۆرلىدى. تۆتىنچى، ئامورتىزاتسىيە پۇلى كۆپ ئاجرىتىلدى،
كارخانا ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب تەننەرخنىڭ ئۆسكەنلىكىدە، بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە
ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم. ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەجىر قىلىپ ئىچكى ماھارىتىنى
ئۆستۈرۈپ، باشقۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تەننەرخ چىقىمىنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىش
كېرەك.

## 2. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى بەش يىلى ۋە كېلەر ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيا-
لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ھالقىلىق مەزگىلدۇر. 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
«تەكلىپى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى ئومۇمىي-
لىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بىرى، ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە جەھەتتە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە
بۇرۇلۇش، يەنە بىرى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈبىلەپ
باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇش. بۇ ئىككى بۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق ئۆزگەر-

www.uyghurkitap.com

تىش مەسىلىسى، كېيىنكىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى. بۇ ئىككى بۇرۇلۇش ئاخىرقى ھېسابتا كارخانىلاردا ئەمەلىيلىشىدۇ. كارخانىلار ئىسلاھات ئېلىپ بارماي تۇرۇپ بۇ ئىككى بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت كارخانىلىرى بازار رىقابىتىدە تېخىمۇ كەسكىن مۇسابىقىگە دۇچ كېلىدۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرىدىغىنى ھەقىقىي سېتىۋالغۇچىلارغا پايدىلىق بازار بولىدۇ، ئىلگىرىكىدەك ”پادىشاھنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىشنىڭ غېمى بولمايدۇ“ دەيدىغان ئەھۋال ئەمدى ئىككىنچى پەيدا بولمايدۇ. ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا باج نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارالىق تاۋارلار رىقابىتىگە دۇچ كېلىمىز. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش-ئېلىپ بارالماسلىق ئىككى بۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇش-قويالماسلىقا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەم زور ئىقتىسادىي مەسىلە، ھەم زور سىياسىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

**بىرىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىساھاتىغا تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.** بۇ 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانى يۈز مىڭچە بولۇپ، ھەممە ساھەلەرگە تارقالغان، ئۇلارنىڭ كۆلىمى، تېخنىكا سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى ۋە رولى زور پەرق قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا قارىتا بىر خىل ئەندىزە، بىر خىل ئۇسۇلنى قوللانماي، تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇش لازىم. خىزمەتتە مۇنداق ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك: بىرىنچى، كونا سانائەت بازىسىنى تەڭشەش؛ ئىككىنچى، ئۇستۇنلۇككە ئىگە كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇش؛ ئۈچىنچى، كىچىك كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش.

كونا سانائەت بازىسى دۆلەت كارخانىلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن جاي بولۇپ، سانائەت ئاساسى پۇختا، ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. شاڭخەي، شېنياڭ، تيەنجىن، ۋۇخەن، چۇڭچىڭ، خاربىن قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ياخشى ئېلىپ بېرىلغاندا، دۆلەت نەچچە ئون يىلدا جۇغلىۋالغان زور مىقداردىكى نەق مال-مۈلۈكنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقا ئوتتۇرا-كىچىك شەھەرلەرگە تۈرتكە بولغىلى ۋە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ رولىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىمكانىيىتى زور، يوشۇرۇن كۈچىمۇ زور، ھەر تەرەپلىمە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا شەرت-شارائىتى بار. سىناق نۇقتىسى بولغان 18 شەھەرنىڭ

ئىسلاھاتى بۇ يىل بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇشنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھاتنى قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان، ھەممە مۇناسىپ ھالدا يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كارخانا ئىسلاھاتى ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بەرگەن.

ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغان ئاز سانلىقنى تۇتۇپ، 1000 كارخانىنى جانلاندۇرۇش ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىشتۇر. گوۋۇيۈەن 1000 كارخانىنى تۇتۇشنى قارار قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە 878 سانائەت كارخانىسى بار. بۇ 878 كارخانىنى بىراقلا تەڭ تۇتماستىن، ئىقتىساد-سودا كومىتېتىنىڭ پىكرىچە، نۆۋەتتە كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاۋۋال 300نى تۇتۇش كېرەك. 300 كارخانا كۆپ سان ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خام چوت ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرى-نىڭكىنىڭ 46.4 پىرسەنتىنى، سېتىش كىرىمى 52 پىرسەنتىنى، پايدا-باج ئومۇمىي سوممىسى 67 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ كارخانىلار ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغان ئاز سانلىقتۇر، بۇلارنى ياخشى تۇتقانلىق ھالقىنى تۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. شەرت-شارائىت يارىتىپ، بۇ كارخانىلارغا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق بېرىش كېرەككى، بۇ چوڭ كارخانىلار ھەقىقىي تۈردە بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، مۇستەقىل قانۇنىي ئىگە بولۇپ قالسۇن. بۇ كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرغاندا، زور بىر تۈركۈم كارخانىلارنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. چوڭ كارخانىلار ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغاندا، ئاندىن باشقا كارخانىلارنى قوشۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ئاندىن پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئالغا سۈرەلەيدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش مەسىلىسى 3-ئومۇمىي يىغىندىمۇ، 5-ئومۇمىي يىغىندىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن مەسىلىدۇر. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار-نىڭ سانى كۆپ، ھەممە جايلاردا دېگۈدەك بار، نۆۋەتتە بۇ كارخانىلاردا بىرمۇنچە قىيىنچىلىق ۋە مەسىلە مەۋجۇت. مەسىلەن، زىيان تارتىۋاتقانلارنىڭ نىسبىتى زور بولۇش، مال-مۈلۈكنىڭ پاسسىپلىق نىسبىتى يۇقىرى بولۇش، مال-مۈلۈكنىڭ ساپ پايدا يارىتىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش مەسىلىلىرى مەۋجۇت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانىلاردا ئوشۇق خادىملار كۆپ بولۇشتەك يۈكلەرمۇ ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: "ئادەتتىكى كىچىك تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش، ئىجارىگە بېرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، بەزىلىرىنى پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى كارخانا قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە بولىدۇ، كوللېكتىپقا ياكى شەخسلەرگە سېتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ." يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتىكى، ئادەتتىكى كىچىك تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى يەنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش لازىم، بەزىلىرىنى قوشۇۋېلىشقا، بىرلەشتۈرۈشكە ياكى ئىجارىگە بېرىشكە بولىدۇ، بەزىلىرىنى پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى كارخانا قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە بولىدۇ، سېتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئارقىلىق، مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا تەشكىلىي شەكلى ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ئىگىلىكىگە ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە ھەمكارلىق ئىگىلىكىگە تەۋە، خۇسۇسىي ئىگىلىككە ۋە يەككە تىجارەتچىلەرگە سېتىلغىنى ئاز سانلىق بولىسا كېرەك. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، بىرىنچى، كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ قويۇۋېتىپلا بولدى قىلىشقا، باشقۇرماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، دۆلەت مۈلكى نېرى-بېرى بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋەتكەنلىك، جانلاندۇرغانلىق ئۇلارنى سېتىۋەتكەنلىك بولمايدۇ، دۆلەت مۈلكىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك.

1995-يىلى گوۋۇيۈەن كارخانا قوشۇۋېلىش توغرىسىدىكى سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ چىقتى، بۇ يەردە شۇنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتەيكى، كارخانا قوشۇۋېلىشقا ستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ قاراشىمىز ھەمدە ئۇنى كۈچلۈك ھالدا يېتەكلىشىمىز ۋە ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك. 80-يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا سوممىسى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدىغان چوڭ تىپتىكى كارخانىنى قوشۇۋېلىش ئىشلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ قوشۇۋېلىشلارنىڭ نۇرغۇنى خەلقئارالىق تۈسنى ئالغان. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، دۇنياۋى خاراكتېرلىك قوشۇۋېلىش يەنە يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۇقەررەر پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھادىسىدۇر. قوشۇۋېلىنىش-ئارقىدا قالغان ۋە خارابلىشىپ قالغان كارخانىلارنىڭ كۆرى بولماستىن، بەلكى كارخانىلارنىڭ ئارقىدا قالغان ۋە خارابلىشىپ قالغان ھالىتىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. قوشۇۋېلىش ناچار كارخانىلارنى قايتا تەشكىللىنىش پۇرستىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان كارخانىلارنى ئۆزىنى كېڭەيتىش پۇرستىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆلەملىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر جايلار كارخانا قوشۇۋېلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، بۇ يەردە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلىمەكچىمەن: بىرىنچى، قوشۇۋېلىش بىر تۈرلۈك ئىقتىسادىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، قوشۇۋېلىشقا زورلىماسلىق، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى مەمۇرىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرماسلىق كېرەك؛ ئىككىنچى، قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك، خىزمەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش كېرەك، قوشۇۋېلىشنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ قەرزدىن يېنىۋالىدىغان ئىشلارغا يول قويماسلىق، دۆلەت مۈلكىگە مەسئۇل بولۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش كېرەك، ئىشچى-

خىزمەتچىلەر چۈشەنگەن ۋە قوللىغان چاغدىلا، ئاندىن بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئېلىمىز كارخانىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، كۆپرەك قوشۇۋېلىش، ئازراق ۋەيران بولۇش كېرەك. شۈبھىسىزكى، بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەمما، بۇ، ۋەيران بولۇشنى يولغا قويماسلىق كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇزاقتىن بۇيان زىيان تارتىپ كەلگەن، مۈلكى قەرزگە چىقىش قىلمايدىغان، زىياننى تۈگىتىشتىن ئۈمىد بولمىغان كارخانىلارنى قانۇن بويىچە ۋەيران بولدى دەپ جاكارلاش كېرەك. بەزى ۋەيران بولغان كارخانىلارنى بىر يولىلا سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە ئادەملەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

**ئىككىنچى، كارخانىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.** دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كارخانىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن تيەنجىندە خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بەش جەھەتتىن نۇقتىلىق سۆزلىدى: بىرىنچى، ياخشى بەنزە بولۇش لازىم؛ ئىككىنچى، تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش لازىم؛ ئۈچىنچى، ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم؛ تۆتىنچى، زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، كارخانىنىڭ بازارغا كىرىپ باراۋەر ئاساستا رىقابەت قىلىشى ئۈچۈن تاشقى مۇھىت يارىتىش لازىم؛ بەشىنچى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش لازىم. يولداش لى پېڭمۇ شېنياڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى مېخانىزم، ياخشى مەھسۇلات، ياخشى بەنزە بولۇش لازىم، دەپ سۆزلىگەنىدى. بۇ جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى زۆرۈر، بىر تەرەپكىلا ئېتىبار بېرىپ، يەنە بىر تەرەپكە سەل قاراشقا بولمايدۇ، بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز لازىم.

بۇ يەردە مەن باشقۇرۇش مەسىلىسى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، جايلار كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ئىجاد قىلدى. مەسىلەن خەندەن پولات-تۆمۈر شىركىتى تەننەرخ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەننەرخنى ئايرىپ شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەممە ئادەم ئۆزى ھېساب-كىتاب قىلىدىغان تەننەرخ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتقاچقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆستى. بىراق نۇرغۇن كارخانىلىرىمىزدا باشقۇرۇشقا سەل قارايدىغان ئەھۋال ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئاتالمىش ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن لەرزىگە كەلتۈرۈش ئۈنۈمىگە قىزىقىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشقا سەل قاراپ، "ئىسلاھ قىلىشنى باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان" خاھىشلار مەۋجۇت بولغاچقا، نۇرغۇن كارخانىلىرىمىزدا باشقۇرۇش بوشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولدى. ھازىر نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ زاۋۇت باشلىقلىرى، دېرىكتورلىرى

ھېساباتقا ئېتىبار بەرمەيدۇ، كۆڭلىدە سان يوق، كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش كەمچىل. مەسىلەن، ھازىر نۇرغۇن كارخانىلار مەبلەغنىڭ قىسلىقىنى ئىنكاس قىلىشىدۇ، مەبلەغ نېمە ئۈچۈن قىس؟ مەبلەغنىڭ قىسلىقى قەيەردە؟ مەبلەغنىڭ ئوبوروت بولۇشى تېز بولۇپ كەتتىمۇ ياكى ئاستىلىشىپ قالدىمۇ؟ مەبلەغنىڭ پايدا-باج نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ كەتتىمۇ ياكى تۆۋەن بولۇپ قالدىمۇ، بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ تۇرلۇك ئىقتىسادىي، تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى شۇ كارخانىنىڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىسىگە يەتتىمۇ-يوق؟ كەسىپ بويىچە قايسى ئورۇندا تۇرىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، كۆپ ھاللاردا چوڭقۇر تەھلىل قىلىش كەمچىل بولۇپ، كۆڭلىدە سان يوق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئوخشاش تاشقى مۇھىتتا، بىر كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى، كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسى ياخشى، يول ئېچىش روھىغا ئىگە، تەدبىر كۆرۈشكە ماھىر، باشقۇرۇشقا ئۇستا كارخانا باشقۇرغۇچى كارخانىنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتەلەيدۇ. شەندۇڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق ئېلىپ بارغان ۋاقىتمىدا چىڭداۋ خەيئېر گۇرۇھ شىركىتىنى تەكشۈرۈپ كۆردۇم. بۇ گۇرۇھ شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشى ناھايىتى ياخشى، قائىدە-تۈزۈملىرى ناھايىتى مۇكەممەل ئىكەن، 1995-يىلدا ھاۋا تەڭشىگۈچ، مۇزلاتقۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى بىر قاتلاپتۇ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇپ، سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتكەنىكەن، %30 مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنغانىكەن، تاشقى پېرېۋوت يارىتىش تەننەرخى 7.9 يۈەن بولغانىكەن. بۇنىڭ كارخانا باشقۇرۇش بىلەن، كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن چوڭ.

**ئۈچىنچى، كارخانا ئىسلاھاتى جەريانىدىكى نۇقتىلىق مەسىلە ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھەل قىلىش لازىم.** 1995-يىلى، بىز بۇ جەھەتتە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بەزى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدۇق، بىراق، بۇ تېخى ئەمدىلا باشلىنىشى، يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە، داۋاملىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. نۇقتىلىق مەسىلە ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا: بىرىنچىدىن بوشاشمايدىغان جۇرئەت قىلىش. ئىككىنچىدىن، دائىرىنى كەڭ قىلىۋەتمەي، چەكلىك نىشاننى كۆزدە تۇتۇش لازىم. چۈنكى، ھازىر كارخانىلار-دا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلار قىسقا ۋاقىتتا شەكىللەنگەن بولمىغاچقا، بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك. ئىلگىرى كارخانىنىڭ پۈتۈن باج، پايدىسى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى، ئامورتىزاتسىيە پۇلىمۇ تاپشۇرۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىنى تەننەرخكە كىرگۈزۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە ناھايىتى ئۆلۈك ئىدى، نەتىجىدە كارخانا قۇرۇغدىلىپ قالدى. بۇ مەسىلىلەرنى بىراقلا پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. كارخانا ئىسلاھاتىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان قىيىن مەسىلە ۋە نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەندىكى، بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، كارخانا ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش قىيىن بولۇپ

قالىدۇ، ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تېخىمۇ تەس بولىدۇ.

**تۆتىنچى، ھۆكۈمەت كارخانا ئىسلاھاتى ئۈچۈن مەلۇم بازار مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىشى لازىم.** ھۆكۈمەت ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۈچ جەھەتتە خىزمەت ئىشلىشى لازىم: بىرىنچى، پىلاننى ياخشى تۈزۈش كېرەك. بۇ، كەسىپلەرنى تەڭشەش پىلانى ۋە كارخانا ئىسلاھاتى پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كارخانا ساتقۇچىلارغا پايدىلىق بازاردىن سېتىۋالغۇچىلارغا پايدىلىق بازارغا بۇرۇلۇۋاتقان، بولۇپمۇ خەلقئارالىق مەھسۇلات رىقابىتى كۈچلۈك بولۇۋاتقان ۋەزىيەتكە يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. يېتەرسىزلىكنى قويۇپ تۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش لازىم، ھەممە ئىشنى قىلىمەن دېمەي بەزى ئىشلاردىن ۋاز كەچكەندىلا، ئاندىن بەزى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ، قايسى ئىشلار ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك ئىشلار، قايسى ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەريانىدا "بىر ئىزغا چۈشۈپ كېتىش" مەسىلىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش كېرەك، قايسى كارخانىلارنى نۇقتىلىق يۆلەش كېرەكلىكى توغرىسىدا ھەرقايسى شەھەر ھەر تەرەپلىمە ئويلىنىپ، پىلان تۈزۈپ چىقىشى لازىم. ئىككىنچى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى يار كارخانىلار ۋە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى چوقۇم ئېتىبار بىلەن ياخشى ئىشلەش لازىم. بۇمەسىلە ھەل قىلىنمىسا، ئىسلاھات، قۇرۇلۇش، تەرەققىياتنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. بۇ، ھۆكۈمەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئىشلەيدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر خىزمەت. ئۈچىنچى، كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش شۇنىڭدەك ئاپپاراتلارنى ئايرىۋېتىش، خادىملارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت قوللىمىسا ئىشلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، مەكتەپ، دوختۇرخانىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن باشقا ئامال يوق. قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان خادىملاردىن، ئازدۇر-كۆپتۇر بىر قىسىم كىشىلەر جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەك بازىرى شەكىللىنىدۇ.

## 3. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم

ھازىر، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئاساسىي پىكىر يولى بېكىتىلىپ؛

قىيىن مەسىلە، نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئېنىقلىنىپ، ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ بارغانسېرى
روشەنلەشتى. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە كەسىپ سىياسىتىنىڭ تەلىپى بويىچە،
زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. بۇ، ئۇزاق مۇددەت-
لىك جاپالىق خىزمەت. بۇ بىزنىڭ زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۇتۇش قىلىشىمىزنى تەلەپ
قىلىپلا قالماي، بەلكى خىزمەت ئۇسۇلىمىز ۋە ئىستىلىمىزنى ياخشىلىشىمىزنىمۇ تەلەپ
قىلىدۇ.

**بىرىنچى، پىكىر يوللىرىنى ئېچىپ، يۈرەكلىك سىناق قىلىپ، ئىزدىنىشكە
جۈرئەتلىك بولۇش لازىم.** كارخانا ئىسلاھاتىدا تېخىمۇ كەڭ قولراق بولۇپ، يولداش جياڭ
زېمىننىڭ سۆزى بويىچە، يۈرەكلىك ئىشلەش، يۈرەكلىك سىناق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا
جۈرئەتلىك بولۇش، دادىل ئىزدىنىش لازىم. ھازىر مەركەزنىڭ فاڭجېن-سىياسىتى، ئاساسىي
پىكىر يولى ئايدىڭلىشىپ قالدى، ئەمدى بىزنىڭ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي يوسۇندا
خىزمەت ئىلىپ بېرىشىمىزغا قاراشلىق. مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسىتى ۋە پىكىر يولىنىڭ
ئايدىڭلاشقانلىقى راست، بىراق، بىرلىككە كەلگەن ئىسلاھات ئەندىزىسىنى ئىلىپ چىق دېسە،
ھازىر ھېچكىم ئىلىپ چىقالمايدۇ، پەقەت ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۇنۇمى ياخشى
بولغانلىرىنى ئىشلەۋەرسەك بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا، بىرىنچىدىن يۈرەكلىك
ئىشلەش، ئىككىنچىدىن يۈرەكلىك ئىشلەش جەريانىدا تەجرىبە-ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ،
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىرىنى ۋاقتىدا تۈزىتىش لازىم. ئەمەلىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھى-
دە تەكىتلەش لازىم، پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدىلا مەركەزنىڭ فاڭجېن-سىياسىتىنى كونكرېت-
لاشتۇرۇپ، يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۇسۇلغا ئايلاندۇرغىلى، شۇنداقلا تونۇشىمىزنى ئۈز-
لۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كارخانا ئىسلاھاتىغا يېتەك-
چىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇللىرىمىزدىن بىرى— ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىش
ئاساسىدا ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ئىدى-
يىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، يۈرەكلىك بىلەن ئىزدىنىشىمىز لازىم،
بۇ، ئىسلاھاتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى.

بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى
سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش،
دۆلەت ئىگىلىكىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە
ھاسىل قىلىشىمىز لازىم. ئىسلاھات ئىلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 17 يىلدا،
دۆلەت ئىگىلىكى ۋە باشقا مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكلەرنىڭ ھەممىسى زور تەرەققىيات-

قا ئېرىشتى، دۆلەت ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرىنى باشتىن-ئاخىر كونترول قىلىپ كەلدى. مەسىلەن توك، نېفىت، تەبىئىي گاز، نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مېتال، خىمىيە، قاتناش-ترانسپورت ۋە چوك تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى ياساس قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم كەسىپلەردە، دۆلەت ئىگىلىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. پۇل مۇئامىلىسى، خەۋەرلىشىش، تۆمۈر-يول، ئاۋىئاتسىيە قاتارلىق دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرى ساھەلىرى دۆلەتنىڭ تېخىمۇ قاتتىق كونتروللۇقىدا بولدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغاندىلا، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەڭكەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرالايمىز. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا قانداق چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىن ئۈچ نۇقتىدىن سۆزلىدى، بۇلار ئاساسلىقى: بىرىنچى، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال-مۈلۈك ئىجتىمائىي ئومۇمىي مال-مۈلۈك ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى لازىم. ھازىر، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مال-مۈلۈك بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال-مۈلۈكنى قوشقاندا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىنچى، دۆلەت ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

17 يىللىق ئىسلاھات سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى بازار ئىگىلىكى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇ نۇقتىغا قارىتا، بىزدە ئىشەنچ كامىل، ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە بولغان يېتەكچىلىك رولى يەنىمۇ ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئىسلاھات قىلماي چىقىش يول يوق، پەقەت ئىسلاھات جەريانىدىلا دۆلەت ئىگىلىكىنى قىممەت فورماتسىيىسى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ماددىي فورماتسىيە جەھەتتىنمۇ زورايتقىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك لازىم.** ئىسلاھات جەريانىدا، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق لازىم. ئوخشاش بولمىغان رايونلار، ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەر، ئوخشاش بولمىغان كارخانىلاردا ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پەرقلىق بولۇشى لازىم. مەسىلەن، كارخانا تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى،

شركەت قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا يۇقىرىدا، بىر قىبلىدىن قىلماس، كۆپ خىل شەكىللىرى بار، دەپ سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، قايسى شەكىل ئەڭ مۇۋاپىق بولسا، شۇ شەكىلنى قوللىنىش، مۇۋاپىق بولمىغانىنى زورمۇزور قوللانماسلىق لازىم. ھەربىر كارخانىنىڭ ئەھۋالى زور پەرقلىنىدۇ، ئوخشاش مەھسۇلات ئىشلەيدىغان كارخانىلارمۇ، ئوخشاش بىر يەرگە جايلاشقان كارخانىلارمۇ بىر-بىرگە ئوخشىمايدۇ. بىر رېتىسىپ بىلەن ھەممە كېسەلنى داۋالاشنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم. ئومۇمىي پرىنسىپ ئوخشاش بولۇشى كېرەك، كونكرېت قانداق ئىشلەش، مۇھىم نۇقتىنى قەيەرگە قويۇش، قايسى خىزمەتنى تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش لازىم.

**ئۈچىنچى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەم-ھۇ بىلەنلا ئىشلىمەسلىك لازىم.** 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ نىشانىدا ئالدى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلارنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، 2000-يىلغا بارغاندىن كېيىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش بېكىتىلدى. بۇ، بىر-ئىككى يىل، تۆت-بەش يىللىق خىزمەت بولماستىن، ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت. ئومۇمىي تەلەپ يەنىلا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان**
**خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا**

# پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشى كېرەك .

**لى شېنمىڭ**

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا: يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاساسلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ”ئالدى بىلەن ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، پارتىيىنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشقا تىرىشىشى لازىم“ دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى.

بىر يىلدىن كېيىن، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن جىددىي پوزىتسىيە بىلەن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشى كېرەك، بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز شۇكى، بۇ، ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ»تىن ئىبارەت ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغ پروگراممىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئەتى ۋە تۈپ مەنپەئەتىگە نىسبەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**بىرىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە رولىدىن قارايمىز.** پارتىيىمىز 50 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسى بار بولغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى چوڭ پارتىيە، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ھەرقايسى رايونلار، تارماقلارغا تارقالغان بولۇپ، مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ، ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسەت، فاڭجېن ۋە تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش ئىشىغا بىۋاسىتە قاتناشقۇچىلاردۇر. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنىڭ ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تۈپ ئاساسىدىن بەلگىلەيدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا

يەنە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئۆز رايونىدا ۋە ئۆز تارمىقىدا ئىزچىللاشتۇرۇش ئىشىنى تەشكىللىگۈچى ۋە يېتەكچىلىگۈچىلەردۇر. ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار سىياسەتنى چۈشەنمىسە، سىياسەتنى ئەكىتلىسە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىغا قارىتا توغرا چۈشەنچىدە بولسا ھەم ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى تەتبىقلاپ ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلالايدىغان بولسا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. ئۇلار يەنە ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتقۇچىلاردۇر. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىر تۈرلۈك تامامەن يېڭى ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭدا تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەشكە، كۆپلىگەن يول ئېچىش خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار كۆپىنچە بىرەر ساھەنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا، خىزمەتتە ناھايىتى كۈچلۈك پرىنسىپاللىق، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىجادچانلىقنى كۆرسىتەلىسە، پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىدۇ. ئۇلار يەنە پارتىيىمىزنىڭ يارقىن، كۆرۈنەرلىك بايرىقىدۇر. ئاممىنىڭ نەزىرىدە، ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر پارتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە نامايەندىسى بولىدۇ، پەقەت ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، خالىس تۆھپە قوشقاندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، پارتىيىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە مەركەزگە تارتىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى باغلاشتۇرۇش، ئۆتكەنگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسىگە يول ئېچىش ۋە ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتەك ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالغان. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى، بولۇپمۇ سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش قاتارلىق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردىكى باشلامچىلىق ۋە ئۈلگىلىك رولى پۈتۈن پارتىيىگە ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ئالدى بىلەن ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىمىز تۈركۈم-تۈركۈملەپ مۇنەۋۋەر سىياسىي ئەربابلارغا ئىگە بولغاندا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

**ئىككىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ تەركىبىي ئەھۋالىدىن قارايمىز.** 1993-يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىنقىلابقا قاتناشقان كادىرلارنىڭ ھەممىسى پېنسىيىگە چىقىش يېشىغا يەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خىزمەتكە قاتناشقان كادىرلارمۇ، 18 ياشتا خىزمەتكە قاتناشقان دەپ ھېسابلىغاندا، بۇ يىل 64 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. باش مىنىستىر ۋە باش ئۆلكە باشلىقى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارمۇ پېنسىيىگە چىقىش

يېشىدىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىن خىزمەتكە قاتناشقان يولداشلار، ئۇلار پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئەمما ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ۋە سىنىقىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، ئۇلارنىڭ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگونىڭ ئېگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتقان ئاھانەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتكە بولغان چۈشەنچىسىمۇ چوڭقۇر ئەمەس، بەزى يولداشلارنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى جەھەتتە پۇختا بىلىمى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسىسىنىڭ كەسپىي خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، بەزى يولداشلار ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويىدى. بۇ ھال يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك ئالاھىدە ۋەزىپىسى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مۇھىم ۋەزىپە تېخىمۇ كۆپ ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلارنى چاقىرماقتا.

**ئۈچىنچى، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سىنىقىغا يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتىن قارايمىز.** پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئىگەللەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بىر قىسىم كىشىلەر تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى جۈملىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى چىرىتىدۇ. پۇل، ساھىبجامال، كەچلىك كۈلۈپ، ھەشەمەتلىك كاتتا زىياپەت...كىشىنى جەلپ قىلىدىغان نەرسىلەر ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپىدىلا يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ، بىر-ئىككى يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا خېلى كۆپ كادىرلار چىرىتىلىپ بولدى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ شامال تولىمۇ شىددەتلىك بولدى. يېقىندا ئاشكارىلانغان ۋە پاش قىلىنغان ۋاڭ باۋسېن، چېن شىتۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەسىلىسى كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بەزىلەر، چىرىكلىك ھەرقانداق جەمئىيەت ئورگانىزمىدا پەيدا بولىدىغان زەھەرلىك ئۆسمە، دېيىشىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ پرولېتارىيات پارتىيىمىز ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز ئەڭ ئاخىرى ئۇنى يېڭىدۇ ۋە يېڭىشى شەرت. پاك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلارنىڭ ماركسىزمچى سىياسىي ئەرباب بولۇشى ناتايىن، لېكىن ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، پاك-دىيانەتلىك بولۇشى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى قىلىشى مۇقەررەر. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى دولقۇنى بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە پارتىيە ۋە دۆلەت قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىش-ئۆزگەرمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك دەيدىغان سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قاراپ، باشلامچىلىق بىلەن پاك-تەلەپچان بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان تەكىتلەپ كېلىۋاتقان پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈپ ئاساسىدىن ياخشىلاش نىشانىغا مەڭگۈ يېتەلمەيمىز، ”بىردىنلا روناق تېپىش، بىردىنلا ھالاك بولۇش“ بەلگە قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

"تارىخىي دەۋرىيلىك"تىن قۇتۇلالمايمىز.

**تۆتىنچىدىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتىمىزنى "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" نىيىتىدىن قارايمىز.** دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، غەربتىكى بۇرژۇئازىيە ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ۋە ئىدىيە-مەدەنىيەت جەھەتتىكى ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇنى بۆشكىدىلا يوقىتىشقا ئۇرۇندى. قوراللىق مۇداخىلىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى بارغانسېرى "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" يەنى "تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش"كە يۆتكەپ، 80-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە مەقسىتىگە يەتتى. بۇنىڭدىن ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەر قاتتىق خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئەزەلدىن غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارىتا "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" ئېلىپ بېرىشىدا جۇڭگو پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى مۇھىم نىشان بولۇپ قالدى. بۇ سۈيىقەست ئالدىدا يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ بولۇپمۇ ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاساسلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلارغا خاس سەگەكلىك، قەتئىيلىك ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر. بۇ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" سۈيىقەستىنىڭ جۇڭگودا ئىشقا ئېشىشىنى توسۇش-توسۇيالماسلىقىقا، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش-كەتمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

2. قانداق ئادەم ماركسىزمچى سىياسىي ئەرباب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماركسىزمچى سىياسىي ئەربابلار قايسى ئاساسىي سۈپەتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟

پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى چىڭ سىياسىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇشى، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى، كۆكس-قارنى كەڭ بولۇشى، بىر قەدەر كۈچلۈك رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، ئېسىل ئىستىلغا ئىگە بولۇشى لازىم، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تەلەپلەر ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتىكى تەلەپنى، خىزمەت ئىستىلى جەھەتتىكى تەلەپنى ۋە يەنە رەھبەرلىك قابىلىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇنىڭ يادروسى سىياسىي سەۋىيە جەھەتتىكى تەلەپتۇر. بىز ئېيتىۋاتقان ماركسىزمچى سىياسىي ئەرباب دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى ئەڭ مۇھىمى سىياسىي سەۋىيە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ ئاساسلىقى، سىياسىي نىشان، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي جەھەتتىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، سىياسىي سەزگۈرلۈك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**سىياسىي نىشان-سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم نىشانىدۇر.** پارتىيىمىزنىڭ ئاخىرقى نىشانى كوممۇنىس-

تىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان. بۇ تارىخىي جەرياندا ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. گەرچە بىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى كونكرېت ۋەزىپىمىز ۋە تاكتىكىمىز ئاز-تولا پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىستىك پارتىيە دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ، بىز ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللاردا قوللانغان توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزمغا قاراپ تاشلانغان كونكرېت شۇنداقلا ئەمەلىي قەدەمدۇر. بىزنىڭ ”ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش“تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزدىكى ئاخىرقى مەقسەت يەنىلا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان ھەرقانداق تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، ھەرقانداق كونكرېت ۋەزىپىنى ئورۇندىغاندا ۋە ھەرقانداق كونكرېت تەدبىرنى قوللانغاندا، بۇ توپ سىياسىي نىشانىمىزدىن قايمۇقۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. پەقەت سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم نىشانىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، چەكسىز سادىق بولساقلا، يولىمىزنىڭ مەيلى ئوڭغۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خالىس تۆھپە يارىتىدىغان ئىنقىلابىي روھىمىزنى، ئېگىلمەس-سۇنماس ئىنقىلابىي ئىرادىمىزنى ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس ئىنقىلابىي غەيرىتىمىزنى مەڭگۈ ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنى كارامەت ياخشى ئورۇندىيالايمىز.

**سىياسىي مەيدان-پرولېتارىياتنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەيدانى.** ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھەرىكەت ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ ھەرىكىتى—مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان مۇستەقىل ھەرىكەت.“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 450—451-بەتلەر) مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش—پارتىيىمىزنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى، پارتىيىمىزنى باشقا ئېكسپىلاتور سىنىپلار پارتىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان سۇ بۆلگۈچ ۋە سىناق تېشى، شۇنداقلا بىزنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ئويلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى مەقسىتىمىز. بىز ھەرقانداق سىياسەت ۋە پىلان تۈزگەندە، ھەر تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللانغاندا، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي مەسىلە خەلق ئاممىسىغا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. سىياسىي مەيدانغا مۇناسىۋەتلىك توپ پرىنسىپال مەسىلىلەردە، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدىيە ۋە قىلمىشلار ئالدىدا، بىز نېمىنى قوللاپ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىنى چەكلەپ، نېمىنى توسىدىغانلىقىمىزنى ئېنىق بىلدۈرۈ-

شمىز لازىم. توغرا نەرسىلەرنى مەردانىلىك بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە قوللىشىمىز، خاتا نەرسىلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى توسۇشىمىز لازىم. ماقۇلمۇ دېمەي، ياقمۇ دېمەي، توغرا نەرسىگىمۇ، خاتا نەرسىگىمۇ ئوتتۇرىدا تۇرىدىغان لىگگىرتاقتاق پوزىتسىيە تۇتۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ ياخشى نەرسىلەرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇپلا، ساختا، ئىپلاس، رەزىل نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇ نەرسىلەرنى قامچىلاشقا جۈرئەت قىلالماسلىققىمۇ بولمايدۇ؛ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، توغرا نەرسىلەرنى بېسىپ، خاتا نەرسىلەرنى قوللاشقا، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ، سوكۇت ۋە نائېنىق پوزىتسىيىنىڭ ھەرقانداقىنىڭ توغرا كەيپىياتنى ئۇلھاملاندۇرۇشقا ۋە ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بولمايدۇ، ئەكسىچە، يامان كەيپىياتنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەۋج ئېلىپ ۋە يامراپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىدىن تۈپ ئاساسىدىن چەتلىگەنلىك بولىدۇ. پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەيدانىدا قەتئىي تۇرۇپ، سەممىي ھالدا خەلق ئاممىسى بىلەن قىيىنچىلىقتا ئورتاق بولۇپ، جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ، مۇھەببەت، نەپرەتنىمۇ بىردەك بولۇپ، خەلقنى كۆزدە تۇتقان، خەلققە ۋەكىللىك قىلغاندىلا، ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيمىز، شۇنداقلا مەڭگۈ تۈگىمەس كۈچ-قۇدرەت بۇلىقىغا ئىگە بولالايمىز.

**سىياسىي كۆزقاراش—مەسىلىلەرگە سىياسىي جەھەتتىن توغرا قاراشقا ماھىر بولۇش دېگەندىكتۇر.** لېنىن مۇنداق دېگەن: مەسىلە **پەقەت** شۇ يەردىكى (ماركسىزملىق كۆزقاراش بىلەن قارىغاندىمۇ، **يەنىلا** شۇ يەردىكى) ؛ بىرەر سىنىپ سىياسىي جەھەتتىن مەسىلىگە توغرا قارىمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ، **شۇڭا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئورۇندىيالمايدۇ.**“ («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ يېڭى نەشرى، 4-توم، 408-بەت) قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ نۇقتىدىن ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم. بىراق، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلە ئەمەس. ئىقتىساد—ئاساس، سىياسەت—ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. ئىقتىسادىي ساھەدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر سىياسەت بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىچ باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىياسىي نىشان، سىياسىي پرىنسىپنى بىۋاستە ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، مەسىلە، ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ تەقسىماتتا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ-يوق؟ ئىقتىسادنى كىمگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ ئىشچىلار سىنىپى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بولۇشتىن قالدىمۇ-يوق؟ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت مۈلكىنىڭ نېرى-بېرى بولۇپ كېتىش مىقدارى ئاز دېگەندىمۇ 500 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ، قانداق قىلغاندا بۇنداق ئېغىر دەرىجىدە نېرى-بېرى بولۇپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ بۇ، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك


ئىزدىنىش (تاللانما)

كادىرلىرىنىڭ ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىقتىسادتىكى بۇ سىياسىي مەسىلىلەرگە سىياسىي يۇكسەك-لىكتە تۇرۇپ جاۋاب بېرىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىياسەت بىلەن كارىمىز بولماي، ھەتتا سىياسىي نىشاندىن ئېزىپ، سىياسىي پرىنسىپاللىقنى يوقىتىپ قويغاندا، ئاخىرقى ھېسابتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىمۇ يۇكسەلدۈرگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىقتىسادنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئەمەلىيەتچى بولۇپلا قالماي، بەلكى مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولغان مۇتەپەككۇرلاردىن بولۇشى كېرەك.

**سىياسىي ئىنتىزام ئاساسلىقى شەخس تەشكىلگە بويسۇنۇش، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، تۆۋەن يۇقىرىغا بويسۇنۇش، پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت.** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈگۈنى، ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى دەسمايە قىلىپ مەركەزگە مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا تارىخ يۈكلىگەن ۋەزىپە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالىي مەنپەئەتى ئەنە شۇنىڭغا باغلىق. بىز سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۇكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە مەركەزنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىقتىسادىي خىزمەتكە دائىر تۈرلۈك چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىنىڭ توسالغۇسىز ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ۋە مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى توغرىسىدا بىرقاتار مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەركەز بەلگىلىگەن ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇھىم سىياسەت-فاڭجېن-لارنى ئۆز ئەينى بويىچە ئىجرا قىلىش-قىلماسلىق پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى قوغداش-قوغدىماسلىقنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. بۇ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى-دىن ئومۇمىيلىقنى قەلبىدە تۇتۇپ، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مۇۋاپىق مەنپەئەت بىلەن تەلپىنى پىلانلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇملۇققا تېخىمۇ ئاڭلىق بويسۇنۇشى ۋە ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، مەركەزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قارىتا پراگماتىزم پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا، ياكى يۇقىرىدا سىياسەت بولسا تۆۋەندە قارشى تەدبىر بار دەيدىغان يولنى تۇتۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە يۇكسەك ئاڭلىقلىققا ئىگە بولۇش كېرەك.

**سىياسىي جەھەتتىكى پەرق ئېتىش كۈچى—سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ ھەق-چوڭ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.** رېئال تۇرمۇشتا، بەزى چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق مەسىلىلەرنى

www.uyghurkitap.com

بىرقاراش بىلەنلا پەرق ئېتىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى خاتا پىكىر ئېقىملىرى هامان مودا ۋە چىرايلىق تونغا ئورۇنۇۋالىدۇ، جەمئىيەت تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى يېڭى شەيئىلەر بولسا خىلمۇ خىل نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. بۇ هال پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىدىن كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ هادىسە ئارقىلىق ماهىيەتنى بىلىپ، ئۇنداق نەرسىلەرنى توغرا پەرقلەندۈرۈشكە ماهىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كۈندىلىك كونكرېت ئىشلار بىلەنلا بەنت بولۇپ كېتىپ، ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى-سىياسىي هالەتكە دىققەت قىلمىساق، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، نەزەر دائىرىمىز توسۇلۇپ قېلىپ، ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، سەزگۈرلۈكىمىز ئاجىزلاپ كېتىپ، سېسىقچىلىق بىلەن خۇشپۇراقنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىمىز، هەتتا هەق-ناهەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان هالغا چۈشۈپ قالىمىز.

**سىياسىي سەزگۈرلۈك—سىياسىي جەهەتتە كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماهىيىتىگە يېتىدىغان كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.** ئاينىڭ قوتانلىشى شامالدىن دېرەك بېرىدۇ. هەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئادەمنى ئويغا سالىدىغان مەلۇم شەپە، مەلۇم هادىسىلەر بولىدۇ. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولۇشى، ئۇلار خاتا پىكىر ئېقىملىرى ئەمدىلا پەيدا بولغاندا سەزگۈرلۈك بىلەن پەرق ئېتىپ ۋە كۈچلۈك تەدبىرلەر بىلەن توسۇپ، ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بولۇشى، يېڭى شەيئىي تېخى بىخ هالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنى يۆلەپ قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ كارامەت ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. هازىر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خەلقئە، سوتسىيالىزمغا پايدىسىز بولغان بەزى ”شامال“لار ”يۇقىرىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان“ بولسىمۇ، بەزى يولداشلىرىمىز يەنىلا ئويقۇسىنى ئاچالماي، بىخۇت هالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. سىياسىي سەزگۈرلۈك بىزدىن ۋەزىيەت تازا ياخشى بولۇۋاتقان تىنچ شارائىتتىمۇ خەۋپ-خەتەرنى ئويلاپ قويۇشنى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ، ۋاقتىدا هەل قىلىپ، چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇتۇقلۇقنى، يورۇقلۇقنى، قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ پايدىلىق ئامىللىرىنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ ياخشى تەرەپكە بۇرۇلۇشىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىياسىي نىشان، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي جەهەتتىكى پەرق ئېتىش كۈچى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك ئورگانىك، مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە. بىز هەمىشە، قەتئىي هەم سەگەك ماركسىزمچىلاردىن بولۇشىمىز كېرەك، دەپ تۇرىمىز، سىياسىي نىشان، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام ئاساسەن ماركسىزملىق قەتئىيلىك جەهەتتە ئىپادىلىنىدۇ؛ سىياسىي جەهەتتىكى پەرق ئېتىش كۈچى، سىياسىي سەزگۈرلۈك بولسا ئاساسەن ماركسىزملىق سەگەكلىك جەهەتتە ئىپادىلىنىدۇ. قەتئىيلىك بىلەن سەگەكلىك بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ

يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ھەر تەرەپتىن چىنىقتۇرۇپ ئۆستۇرۇشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

3. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى قانداق قىلغاندا ئۆزلىرىنى تېزدىن لاياقەتلىك ماركسىزمچى سىياسىي ئەرباب قىلىپ چىقالايدۇ؟

**بىرىنچى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك.**

مول ھەم چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى بولغان ماركسىزم ھەرگىز ستىخىيىلىك ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان ئەمەس، بىزنىڭ مېڭىمىزدە ئەزەلدىن بارمۇ ئەمەس. مۇستەھكەم ماركسىزملىق ئېتىقادقا ئىگە بولىمەن دەيدىكەنمىز، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە جەھەتتە ماركسىزمنىڭ تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي قانۇنىنى، ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىنى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ قانۇنىنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قانۇنىنى شۇنداقلا كوممۇنىزمنىڭ غەلىبە قازىنىش قانۇنىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئۇلۇغۋار، ھەيۋەتلىك كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

بەزى يولداشلار پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى مەركىزىي ۋەزىپىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت، پارتىيە-نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى مەخسۇس پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولسىلا كۇپايە دەپ قارىماقتا. بۇ بىمەنە قاراشتۇر. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، "تۆتلەشتۇرۇش" ئۆلچىمىگە ئاساسەن كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۇرىدىغان ۋە يېتىشتۇرىدىغان بولغاچقا، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىدىن مۇتلەق كۆپ قىسمى بىردىن ئىككىگىچە كەسىپ بويىچە كەسىپ ئىگىسى بولۇپ قالدى، بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىشتۇر. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز ئېلېكترون كەسپىگە پۇختا يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مېتاللورگىيە كەسپىگىمۇ پۇختا بولۇشىنى، خىمىيە سانائىتى كەسپىگە پۇختا يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مېخانىكا كەسپىگىمۇ پۇختا بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، لېكىن پارتىيىنىڭ بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ئىگىلىشى شەرت بولغان بىر پەن بار، ئۇ بولسىمۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىدۇر. ماركسىزمنى ھەقىقىي بىلگەندە، كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىپ، بەزى يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ يېڭىدىن ئۆستۇرۇلگەن بەزى ياش-ئوتتۇرا ياشلىق يولداشلارنىڭ كۆڭلىدىن-كۆڭگە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن قايمۇقۇپ قېلىپ نىشاندىن ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، بەلكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندىلىشىغا تۈپتىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ”ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى“ دەيدىغان پىكىر ئېقىمى پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار قوشۇنىغا ھېچ تەسىر كۆرسەتمىدى ئەمەس. بەزى كىشىلەر ماركسىزمنىڭ كىتابلىرىنى ئۆگىنىشكە پەقەت قىزىقمايدۇ، غەربنىڭ سىياسەتشۇناسلىقى، ئىقتىسادشۇناسلىقىنى بولسا ھەۋەس بىلەن سۆزلەيدۇ. بۇ ئىنتايىن نورمالسىزلىق. ماركسىزم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى قاتلامدىكى قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى ھەمدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق، ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ. بىز ماركسىزمنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىزدەك كېيىنكىلەرنىڭ ئىسسىق كاڭدا بۇ تەييار جاۋابنى كۆشەپ خاتىرجەم يېتىشىمىز ئۈچۈن، بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇنلا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە تەييار جاۋاب تېپىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىشاق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل سىياسىي ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشقىلا ئويغۇن كېلىپ قالماستىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ مۇۋاپىق، ماركسىزم ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دائىر مول نەزەرىيىدىن سۆز ئېچىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق. بىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا قارشى تۇرمايمىز، لېكىن، ئۇلارنى تەنقىد قىلمايلا شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆزى مەسئۇل بولۇۋاتقان رايوننىڭ، تارماقنىڭ ياكى كەسپىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچى قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن ”پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك“، ”ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش“ كېرەك دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار چەت ئەلگە چىقىش، يىغىنغا قاتنىشىش ۋە مېھماندارچىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئورۇنسىز ئىشلارنى ئازايتىپ، كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنتىزارلىق بىلەن كىتاب ئوقۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ھەققىي ئۆستۈرەلەيدۇ. ماركسىزمنى خېلى كۆپ چۈشىنىدىغان كىشىلەر، پرولېتارىيات مەيدانى بىر قەدەر مۇستەھكەم كىشىلەرمۇ داۋاملىق ئۆگىنىشى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت بىزنىڭ ئالدىمىزغا نۇرغۇن مۇرەككەپ-چىگىش يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى.

**ئىككىنچى، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز چېنىقىپ ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.**

بىزنىڭ، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ماركسىزمنى ئۆگىنىشى كېرەك، دېگىنىمىزدە ھەرگىز بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى يادلىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان ئۆگىنىش كۆزدە تۇتۇلمىغان، بولۇپمۇ ماركسىزمنى قېتىپ قالغان دوگما قىلىپ قويىدىغان ئۆگىنىش كۆزدە تۇتۇلمىغان. ماركسىزم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ

ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخ يارىتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان ھەقىقەت، شۇنداقلا كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى. مۇشۇ يىللاردىن بېرى، خەلقئارادىمۇ، مەملىكەت ئىچىدىمۇ غايەت زور ھەتتا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بەردى ياكى يۈز بەرمەكتە. ئاجايىپ مول ئەمەلىيەت داۋامىدا ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى تەتبىقلاپ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. مەسىلەن، بىز قانداق قىلغاندا غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىزنى "غەربچىلەشتۈرىدىغان"، "پارچىلايدىغان" خام خىيالىنى ئۈنۈملۈك توسالايمىز؛ قانداق قىلغاندا ئېغىشماي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، داۋاملىق ھالدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش بىلەن بىللە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي ئوبدان تۇتقىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش بىلەن بىللە، تەقسىمات جەھەتتىكى ئادىلسىزلىق مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئورتاق بېيىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىغا، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا بولغان دېموكراتىيە ئاساسىدىكى نازارەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۇلارنى پارتىيە نىزامىغا، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش قاتتىق بويسۇنۇش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ھەتتا چىرىپ چۈشكۈنلىشىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقىنى بىلىپ ۋە ئايرىپ، بازار مېخانىزمى بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىگەللىگىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش بىلەن بىللە، ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر روھىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، مىللىي سانائەتنى قوغدىغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، ۋە باشقىلار. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىزنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا توغرا جاۋاب بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى توغرا ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، كەسكىن مۇسابىقە ئالدىدا ئوڭۇشسىزلىققا ھەتتا مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىمىز.

يۇقىرىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. "ئامما

ھەقىقىي قەھرىمان، بىز بولساق كۆپ ھاللاردا گۆدەكلىك قىلىپ كۆلكىگە قالىمىز.» بۇ پرىنسىپنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. كەڭ ئاما ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىس-تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە بىۋاستە قاتناشقۇچىسى. ئۇلار ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەڭ كۆپ چۈشىنىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھەل قىلىش چارىسىمۇ ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بارلىق رەھبىرىي كادىرلار ئاممىنىڭ تەلىپىنى ئىنكاس قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ تۇرغان ھەمدە ئاممىنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا، ئاندىن ياخشى فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، تارىخنى ئالغا سىلجىتالايدۇ. رەئىس ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي زۇڭلى قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ۋە ئۇ دەۋردىكى ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى ۋە مىنىستىرلار بىر يىلدا خېلى كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ، جاپا-مۇشەققەتتىن باش تارتماي يېزا، زاۋۇت، ھەربىي لاگېر ۋە مەكتەپلەرگە باراتتى، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى بايقاپ تۇراتتى ۋە ھەل قىلىپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق ياخشى ئەنئەنە ۋە ياخشى ئىستىللار بەزى كادىرلىرىمىزدا قالمىدى، ئايرىملىرى ھەتتا ”چۈشتىن بۇرۇن پائالىيەت بىلەن، چۈشتە زىياپەت بىلەن، چۈشتىن كېيىن قىمار بىلەن، كەچتە تانسا بىلەن بولۇپ كېتىپ“، كۆڭۈل بويىچە ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئۇلار ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلىرىمىزنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى نەدە بىلسۇن؟ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندىن ئايرىلغاندا، قاچانلا بولمىسۇن خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ، ياكى بولمىسا گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئانتەيگە ئوخشاش دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. تارىختا دەل شۇنداق بولغان ئەمەسمۇ؟

ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنادىن چۈشۈپ، كەڭ ”ساراي“لاردىن چىقىپ، ئاما ئارىسىغا كۆپرەك بېرىپ، ئەمەلىيەتكە كۆپرەك چۆكۈپ، يېڭى ھاۋادىن كۆپرەك نەپەس ئېلىپ، ئاممىنىڭ جوش ئۇرۇپ تۇرغان ئەمەلىيىتىدىن كۆپرەك تەسىرات ئېلىپ، سىياسىي، ئىدىيە ۋە خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتە كۆپرەك ئۇزۇق ئالغاندىلا، ئاندىن بۇرۇنراق ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ لاياقەتلىك ماركسىزمچى سىياسىي ئەرباب قىلىپ چىقالايدۇ.

**ئۈچىنچى، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.**

بەزى كىشىلەر پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىن دەرىجىمۇ دەرىجە تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر شەخس، ئاساسى پۇختا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىمۇ كۆپرەك بىلىدۇ، دۇنياقاراش مەسىلىسى ھەل بولغان، ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنى قالمىدى، دەپ قارىماقتا. بۇ قاراش توغرا ئەمەس، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى كۆپرەك بىلگەنلىك ئىنقىلابىي دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى

ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەش ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكتىنلا ئىبارەت، بۇنىڭ توغرا دۇنياقاراشنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىشى ناتايىن. ھالبۇكى، بەزى كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنى دېگەندەك كۆپ ئەمەس. دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىش ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش، ئۇنى ھە دېسىلا تاماملىۋەتكىلى بولمايدۇ. توغرا دۇنياقاراشنى تىكلەپ بولغان تەقدىردىمۇ، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭى زىددىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشى، پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە يات بولغان تۈرلۈك ئىدىيىلەرنىڭ داۋاملىق چىرىتىشى تۈپەيلىدىن، ئاساسى پۇختا بولغان مۇنەۋۋەر شەخسلەر يەنە يېڭى سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. جۇ ئىنلەي زۇڭلىنىڭ "ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىش، ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش كېرەك" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بىزنىڭ دەستۇرىمىز بولۇشى كېرەك. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ئەگەردە دۇنياقارىشىنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان بولسا، ئوخشاشلا ئاينىپ ئۆزگىرىدۇ، ئۇلارنىڭ كەلتۈر-دىغان زىيىنى ئادەتتىكى چىرىپ چۈشكۈنلەشكەن ئادەملەرنىڭكىدىن جىق كۆپ بولىدۇ.

دۇنياقاراشنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ تەشكىلنىڭ ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىش لازىم، ئەلۋەتتە. بىراق يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزاسىغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ تەنقىد ۋە ياردىمىنى دائىم قوبۇل قىلىپ تۇرۇشى ئىنتايىن قىيىن، بۇنداق ئەھۋالدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۇرۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. ئالەمدە ئەڭ قىيىن ئەمما ئەڭ ئۈنۈم بېرىدىغان، ئەڭ ئىشەنچلىك چارە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. نېمىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى باشقۇرۇشى كېرەك؟ پۇل، ساھىبجامال ۋە ھوقۇق-مەرتىۋىنىڭ ئالدىدا خالاس. 1954-يىلى باھار مەزگىلىدە يولداش چېن يى ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى، ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىغا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا قولغا قەلەم ئېلىپ، "قول سوزما" دېگەن مەشھۇر شېئىرنى يازدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلدى: "تۇتۇلىسەن قول سوزساڭ، سوزما قولنى بىتاقەت، قىلار ئاۋام-پارتىيە، مىڭلىغان كۆز نازارەت. بەزىلەر دەر: قورققاچقا قول سوزمايمەن ھېچقاچان. بەزىلەر دەر: جىم تۇردۇم ئاڭلىق بولغاچ ناھايەت. ماھىيەتتە قول سوزماق بولار، جۇرئەت قىلالماس، چۈنكى زېرەك ئاۋامنىڭ كۆزى ئۆتكۈر كارامەت. كىم سۆيمەيدۇ ھوقۇقنى، ھوقۇق تاغدەك ھەيۋەتلىك، كىم ئىنتىلمەس سۆيگۈگە، سۆيگۈدە يوق قانائەت. كىم ياقتۇرماس ھىمايە قىلىنىشنى ھۆرمەتنى، مەدھىيە جەننەت سازىدەك يېقىملىقتۇر ئالامەت. بىرىنچىدىن ئۇنتۇماي ئەسلىمىزنى زادىلا، يەيلى ئاۋام غېمىنى، يامىرىمىسۇن قاباھەت. ئىككىنچىدىن پارتىيە يېتىشتۈردى، ئويلايلى، پارتىيىمىز بولمىسا بىزگە نەدە ئىناۋەت؟ ئۈچىنچىدىن ئويلايلى كىيىم، ئاش-تۈز بەردى كىم، ئەگەر ئاۋام بولمىسا بىزگە نەدە سائادەت؟ تۆتىنچىدىن تۆھپەم بار دەپ كۆرەڭلەپ كەتمەيلى، سەۋەنلىكمۇ يوق ئەمەس، يۈزىمىزدە خىجالەت." ("چېن يى شېئىرلىرىدىن"، خەنزۇچە نەشرى، 155-بەت) 40 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز يولداش چېن يىنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، قاتتىق تەسىرلىنىمىز. بۇ نەقەدەر ئالىيجاناپ پەزىلەت، نەقەدەر ئۇلۇغ پەزىلەت. پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئۆز-ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈشىمىزنىڭ قەدىرلىشىمىز، ئۆز-ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ئۆز-ئۆزىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈشىمىزنىڭ شانلىق ئۈلگىسىدۇر. پۇلمۇ، ھوقۇقمۇ قوش بىسلىق پىچاق بولىدۇ. ئىجتىمائىي بايلىق تېخى تازا كۆپەيمىگەن، بىز تېخى ھاجەتخانىنى ئالتۇن بىلەن سېلىپ كېتەلمەيدىغان بۇگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ پۇلنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشىمىز يەنىلا زۆرۈر. پۇلنىڭ ئۆزى جىنايەت ئەمەس، لېكىن ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سېھىرلىق پۈرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك چىرىتىش رولىغا ئىگە. ”پۇلغا چوقۇنغۇچى“ كىشىلەر پۇلنى قوغلىشىش داۋامىدا مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇنلىغان غالجىرانە ۋە جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ھوقۇقمۇ شۇنداق، ئوبدان ئىشلىتىلسە پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقىلى، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ؛ ئوبدان ئىشلىتىلمىسە، دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ. بىز ھەرۋاقىت، ھەر ئىشتا، ھەر جايدا ئۆز-ئۆزىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئۆز-ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ئۆز-ئۆزىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز، ئۆز-ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ئىدىيىمىزنى داۋاملىق تاۋلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىنقىلابىي دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۇلۇغۋار روھنى يېتىلدۈرۈشىمىز، پۇل ئېتىقادچىلىقى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، كەيپ-ساپا ئىشلار قىزىقتۇرۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. مانا بۇلار پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدا، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتتۇر.

21-ئەسىرنى غەلىبىلىك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى چوقۇم تارىخ تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنى يەردە قويماي، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىپە يارىتىشى لازىم.

**(ئاپتۇر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：$\frac{\text{ISSN1006—5857}}{\text{CN11—2498/D}}$

邮发代号：2—373　定价：1.80元　邮政编码 100013